بىلىم يۇرتى ئۈچۈن تەلەبە تاپىيارلاپ بۇبارغوچى 7 يىللىق ئوقوش يۇرتلەرى بولماغانىدان، چاراسىز قىشلاق مەكتەبلەرىدەن ۋە بىرىنچى باسقىچلاردان تەلەبە قابول قىلىپ، تەعلىم - تەربىيە فەنلەرىنىڭ كېيىنگە سۇرىلىپ قالىشىغا سەبەب بولادىر.

يىلدان يىلغا عالى ئوقوش يۇرتلارى مۇكەممەللەشە بارغانىدېك، ئوزبېك بىلىم يۇرتى ھەم حاقىقى تەعلىم-تەربىيە تېخنىكومىگە ئەيلەنىپ، 7 يىللىق مەكتەبلەردەن تەلەبە قابول قىلىشغا ئۆرىنەدى ھەم شو يولدە بىر مۇنچا مۇۋافقىيەتلار قازانىشىغا ئىشانامىز.

بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقوش رېجەسىگە، جاماعاتنىڭ ئاچ دىققاتىنى جەلب قىلغان ئەھەمىيەتلى فەنلەر كىرگەنكەم، بۇلار قىشلاق خوجالىغى ۋە ئۇنى كەللېكتىفلەشتىرىش ئاساسلارى، دىن — خۇرافاتىغا قارشى تەشتەرغ قىلىش، حەربى ئىش ۋە تول ھۇنەرلەرى ئورگەنمەكتەلەر. تاييارلىق سىنفلەردە دەرسلەر يېرلى (ئوزبېك تىلىدە)، ئاساسلاردا قىسمان ئوزبېكچە بولسا ھەم ئوزبېك تىلىدە دەرس بېرە ئالاراق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تانىسقالىغى سەبەبلىك ئوقۇتۇش ئىشلەرى روس تىلىدە بارادى. بۇ حال، ئوقۇچىلارنىڭ تېز بېتىشىش، تۇشىنىش ئىشلەرىگە ئەلبەتتە، تۇسقۇنلىق يېتكىزەدى. شۇنىڭدېك، بەعزى بىر فەنلەردەن خۇسۇسەن تەعلىم — تەربىيە ئاساسىداغى فەنلەردەن كېرەكلىك ئوزبېكچە ئەدەبىياتلار يوق. ئوقۇچىلارنىڭ تولا مەعلومات ئالماسلىقلارىغا بۇ يېتىشسىزلىكنىڭ تەئسىرى زوردىر.

تېز كۈندە بۇ ئىككى يېتىشسىزلىك بىترالسە كېرەك، كىم سەمەرقەند عالى تەعلىم — تەربىيە ئىنستىتوتىدەن، قىسمان ئورتا ئاسىيا دەۋلەت دارالفۇنۇنىنىڭ تايىرىم (تېگىشلى) بولملەرىدەن ئوقۇتوچىلار بېرىلەدى، دەرسلىكلەر ئېسە ئوزبېكستان جۇمھورىيەتىنىڭ نەشرىيات پىلانىغا كىر گىزىلمەكتە.

بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇش پىروگراممەلەرى ئېسكېچە قالماي مەملەكەتنىڭ ھەر بىر چېكەسى بىلەن حسابلاشىپ، ئىشچى دېھقانىنىڭ ئىحتىياجلارىغا جاۋاب بولارلىق حالدا تۈزىلمەكچى ۋە ئوقۇشلار فاقات نەزەرى ئوتىلمەسدەن، عەمەلىياتدا ئاچىق نەتىجەلەر كورگەزىپ تۇرادى. شۇ ساحاداغى مۇۋافقىيەتلار كېتىدەن قۇۋماندا بولغان بىلىم يۇرتى ئوقوۋ بولىمى، كېينگى يىللاردا پىروگراممەلەرنى ياخشىلاش ئىشلەرى بىلەن مەشغول. بۇ ئىش تاشكەند تەعلىم — تەربىيە مۇئەسسەسەلەرى، ئوقۇش يۇرتلەرى ۋە دەۋلەت عىلمى شوراسىنىڭ مەسلەھەتلەرى بىلەن بارادى.

خازىردا بىلىم يۇرتىدەگى ئوقۇتىش ئىشىنىڭ شەكلى، عاددى سىنف تەرتىبى ئاساسىدا تەشكىل تاپقان. ئەمما بۇ تەرتىب، ئوقۇچىلارنىڭ ئىش فەعالىيەتىنى سۇسەيتىرىش ۋە ياخشىلاشغا سەدچىكشىلىگىنى نەزەرگە ئالىپ، ئوقوۋ بولىم كېلگوسى يىلغا لابارا تورىيە ئۇسۇلىگە كوچىش ئۈچۈن خازىرلىقلار كورىپ بارماقدا. حازىر بىلىم يۇرتىدەگى مەۋجۇد كەبىنىتلەر: تەبىيعىيات، حىكمەت، كىمىيا، رەسم، پېدەلوگىيە ۋە پېدەگوگىيە كەبىنىتلەرىدەن عىبارەتدىر. شۇنىڭ قاتارىدا بىلىم يۇرتى يانىدا يەنە بىر ئىشخانە (قول ئىشى دەرسىنى كېڭەيتىرش مافسادى بىلەن) ئاچىلماقچى.

بىلىم يۇرتىدە ئوقوۋ ۋەدفەرلەرى ئىچىدە، ئوتوغوچىلار ئۈچۈن تەعلىم — تەربىيە تەجرىبەلەرى ئوتكەزىش مۇھىم ئورۇن تۇتادىر. بۇ تەجرىبەلەر ئىككى خىل شەكلدە (باسسۇنى ھەم ئاكتىۋنى) رەۋشدە بارادى.

بىرنچىسى، ئوقۇچىلارنى باشلانغچ حالدا مەعارف ئشلەرى ۋە مەعارف مۇئەسسەسەلەرى بىلەن تانشتىرش بولساء ئكنچىسى ئېسە، ئوقۇچىلارنى توغرىدان ــ توغرى ئەربىيەۋى مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئشلەرىگە قاتناشتىرش،

ئا) چن جاماعاتچى شورا پېدەگوگلەرى يېتشتىرش ئۇچۇن مۇمكىن قادار ياخشى تەئمىنلەش؛

ب) ئوقۇچىلار بىلم يۇرتىنىڭ ئىداراۋى، عىلمى ۋە خوجالىق ئشلەرىگە فاعال جەلب قىلنسن ھەم



fizikə kəʙinitidə maşqulat

ۋەمەكتەبلەردەدەرس بېرىش كەبى نەرسەلەردەن عىبارەتتر.

بۇ تەجربەنىڭ ئاساسان، III نچى سىنفدىن باشلانىشى كېرەك ئېكەن، سىستېمە ئمكانىيەتىگە قاراب II نچى سىنفدەن باشلاشغا مۇۋافّق بولىندى وە بۇندان ئجابى نەتىجەلەر توغۇلدى.

بىلم يۇرتىنىڭ تەشكىلى ۋەزعىيەتلەرىنى شۇنداي يولغا سالش كېرەككم، ئۇل قۇيىداغى لەحزەلەرنى ـ ماميېنتلارنى ئوز ئچىگە ئالا بىلسن:

ۋ) شەھەر ۋە قشلاق مىحنەتكەشلەرى بىلەن دائىمى عەلاقەدە بولب، ئۇلار ئاراسىدا مەدەنى، ئجتماعى ئشلەر يۇرگىزشكە قادىر بولسن.

شورا جاماعاتچىلىغىنىڭ نەزەر دىققاتىنى ئوزىگە جەلب قىلب كېلگەن ئوز بىلم يۇرتى بۇگۇن 10 ياشىنى تولغىزدى، ئوز داۋامىدا 8 مەرتەبە تەلەبە چقاردى. دېمەك، شۇ بىلەن ئوزبېكستان خالق مەعارفى يولىدە ئشلەش ئۇچۇن عامماغا 160 باش ئوقوتغوچىلارنى ـ قىزل پېدەگوگلەرىنى تاقدىم قىلىشدى. ن. تەكەنەيىف.

♦♦♦♦♦♦♦♦

# بىرىنچى ئون يىل

(ئولكە ئوزبېك خاتىن — قىزلار بىلم يۇرتىنىڭ 10 يىللق يۇبلىيگە)

ئولكە ئوزبېك خاتىن ـ قىزلار بىلم يۇرتى ئوزبېكستان جۇمھۇرىيەتى بويىنچا بولغان بۇتۇن خاتىن ـ قىز بىلم يۇرتى ۋە تېخنىكوملەرنىڭ قارىسى ۋە ھەر بىر جەھەتدەن كوزگە كورىنگەن روگەچىدر.

خاتىن ـ قىز بىلم يۇرتى ئوزىنىڭ 10 يىلق دەۋرىدە كوب كۇلفەتلەرگە دۇچار بولىشى بىلەن شۇنداي قىينچىلق دەۋرلەردە كوب ئنقلابى ئشلەر قىلدى

تەبىعى خاتىن ـ قىز بىلم يۇرتى ھەر جەھەتدەن 1923|24 نچى ئوقۇش يىلىغاچا جۇدە ئارقادا قالىب كېلدى. بۇنىڭ سەبەبى يەگى تەشكىل بولىب، ئوزىنى تۇتا ئالماسلىغى، خاتىن ـ قىزلارنىڭ ئوقۇشدان قاچىش ۋە جان كۇيدىر گۇچى ئشچىلەرنىڭ بولماسلىغى ئېدى. شۇل دەۋردە نە تەشكىلات ياغدان، نە ئقتىسادى تاماندان ۋە نە عىلمى تاماندان بىلم يۇرتى جۇدە تۇبەن دەرەجەدە، ئولۇك حالدا ئېدى.

1926|27 يىلدا ئەحـۋال ئېچابى تامانغا قاراب ئوزگەردى. بۇ دەۋردە خاتىن ـ قىزلارنىڭ ئـوزلەرى بىلىم سارى قادامنى كېڭ ئاتاباشلادىلار. باللار تور-تاسىداغى تەشكىلاتلار كوب بولسا هەم ـ تەشكىلاتنـى ئېپەرەتىش ئىشىـنى ئوقـۇچىلار ئالىب بار-ماسدان، ئۇ ئىشلەرنى ئاتالىقغا ئالغان يەچېيكەلەر ئىشلەب كېتەر ئېدىلەر.

ئېندى ئوتكەن ئولكە ئوزبېك خاتىن ـ قىزلار بىلىم يـۇرتىنىڭ III ىنچى دەۋرى 1927|28 ىنچى يىلدان باشلانادى ـ دېسەك توغرى بولادىر. بۇدەۋر ئۇچۇن بىلىم يۇرتى 4 ئەساس نـەـاسىغا قۇرىلدى. بىردە «نەمونە» بولىمى ۋە بىلىم يۇرتى بار. هەر قايىسسى ئوز پىرەگرەممەسى بىلەن بارا بېرەدى. 28|27 ىنچى يىلدا «نەمونە» بولىمىنى بىلىم يۇرتىنىڭ ئاساس سىنىنى قىلىنىب ئالىندى. بىلىم يۇرتىمىزنىڭ پىرەگرەممەلەرى حاقىقى بىلىم يۇرتى پىرەگرەممەسى بولدى.

## ئۇقۇچىلار تەشكىلاتى

حازىرغى كۈندە شورا مەكتەبىنىڭ ئوقۇچىلارنى ئىشكە ئورگەتە تۇرغان مەنبەعىدەن بىتتەسى ئوقۇچىلار



өzвek qьzlar вilim jurтьnьŋ вьnasь.

ئلگەرگى كورنىشلەردەن بۇتۇنلەيىن سىفەت جەهەتىچە يۇكسەك بولىب ئوزگەردى.

## علمى ئىشلەر

بىلىم يۇرتىمىز، باشقا بىلىم يۇرتلەر كەبى ـ بىلىم يۇرتى نامىنى ئالسا هەم، حاقىقاتدا علمى دەرەجەسى ئاتىغا مۇۋافىق ئېمەس ئېدى. 28|27 ىنچى يىلدان باشلاب بۇ نەرسەدە (علمى ئىشلەردە) هەم ئۆزگەرش پەيدا بولدى. بىزدە ئلگەرى 2نە ئەساسى سىنىف بار ئېدى. ئەلبەتتە بۇ تەعلىم ـ ئىحتىياجنى تەئمىن قىلار لىق ئېمەس ئېدى. شۇنى كوزدە تۇتىب خاتىن ـ قىز-لارنى كۈچلىك ۋە ئـورتا مەعلوماتلىق قىلىب چىقارىش تەشكىلاتىدىر. مەكتەبدە بولغان يەچېيكە پـرەفكوم ۋە هەر تۈرلى تەشكىلاتلار ـ باشقالار تامانىدان بوغۇ-لىب كېلىنگەن بولسا هەم 1927 ىنچى يىلدان ئوز قەددىنى كوتەرىب ئالدى. مۇستاقىل رەۋىشدە ئىشلەش بولغا قويىلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن هەم ئىشچەنلىكدە بىر قانچا يۇتىقلار كوز ئالدىمىزدا گەۋدەلەنەدى.

«خاتىن ـ قىز بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇچىلارى ئوز ئىشلەرىنى ئوزلەرىنىڭ I_II ىنچى دەۋرلەرىدە باشقا-لارنىڭ ياردامى بولماسا ئالىب بارالمايدى!» دېگەنلەر ئاغزىغا ئوردى.

حازىرغى كۈندە يەچېيكە، پرەفكوم، موپىر، ئاـا ـ ئاۋىيافىم، شېف، خۇداسىزلار، باللار دوستى جەمعـ

يەتى ۋە هاكەزالار قىزلار تامانىدان تېبرەتىلمەكتەدىر؛ (حانتاكى، قۇلۇب مۇدىرەلەرى هەم قىزلاردان). ئىلگەرى شىنتەتلى قۇلۇب بىلەن حازىرغى قىزلارنىڭ شىتەتسىز ئىشلەشلەرى بىلەن سالىشتىرىلغاندا جۇدە كەتتە فەرقنى كورەمىز.

## دېۋارى گەزىتەچىلىك

بىلىم يۇرتىدە دېۋارى گەزىتەچىلىككە، خاتىن — قىز بىلىم يۇرتىنىڭ 10 يىللىغىدا 8 يىل تولادى. تا، 1927 ىنچى يىلغاچا بۇل دېۋارى گەزىتەچىلىك تۇرلى كەسەللەرگە ئۇچراب ئوزىنىڭ قەددىنى كورسەتە ئالماي، ئاخىرى 1928 ىنچى يىلدان باشلاب ئوزىنىڭ چىنەكەم



dərs caqьda

يولىغا تۇشىب ئالدى. مەكتەبدە گەزىتە ۋە تەنقىدى جورنال مۇنتەزەم چىقىب تۇرادى. شۇ يىل يەنۋەر ئايىدا قىزلارنىڭ حەرەكەتى بىلەن گەزىتە «ئىلئىچوفكە» ئۇسولىگە كوچدى. حازىر ئىلئىچوفكە هەم مۇۋاففاقىيات قازانىب بارماقدادر.

ئىلگەرى مەعلوم كىشىلەرگە زەكىز ئارقالى يازدىرىلىب عامماۋى گەزىتە نامىنى ئالسا، حازىر كوبچىلىك قاتناشىب عامماۋى نامغا توغرى باها بېرە باپدى. يەنە گەزىتە يانىدا ئىككى يىلدان بېرلى «مۇخبىرلەر توگەرەگى» داۋام قىلادى. ئۇندا عەمەلى دەرسلەر ۋە گەزىتەچىلىكدەگى نەزەرى مەسئەلەلەر قارالادى.

خۇلاسا ياساغاندا خاتىن — قىزلار بىلىم يۇرتى ئوزىنىڭ 10 يىللىق دەۋرىدە ئۇچ تۇرلى دەۋر كېچىردى. I II ىنچى دەۋرىدە كوب قىيىنلىقلار ۋاستالارى بىلەن قىلاتۇرغان بولسالار، III ىنچى دەۋرىدە مۇستەقىل ئىش قىلىشغا ئىستىعداد پەيدا قىلدى.

بىلىم يۇرتىدە ئوقۇچىلارنى مىحنەتكە ئورگەنىش ئىشى ئىلگەرىلەدى. بۇتۇن ئاش پىشىرىش، ياتاقلارنى تازالاش، يۇۋۇش ۋەمەكتەبدەگى كوب مىحنەتلەر تالىبالارنىڭ ئوز بويىنلەرىدىر.

خاتىن — قىزلار بىلىم يۇرتى ئوزىنىڭ 10 يىل دەۋرىدە ئوزىنىڭ قۇچاغىدان جۇدە ياخشى يېتىشمەگەن بولسا هەم ( دۇمبۇلراق بولسا هەم ) ئىشچى — دېهقان ئېلىگە ئوزىنىڭ ساۋغاسىنى بېردى. ئۇل خاتىن — قىز مەعارىفى ئۇچۇن تولا جاۋاب، زور خىزمات قىلابىلەدۇرغان قىزىل مۇعەللىمەلەر مۇرەببىيەلەر، ئىجتىماعى خادىمالار بېرە ئالدى. بۇنىڭ حازىرغى كېتىشى — ئۇنىڭ تېزلىك بىلەن ئاساسى ماقسادىغا يېتە بىلىشىگە جانلىق شاهىد ۋە ئىشانچلىق كەفىل بولائالادى.

عارىف ئەييوب.

---

## ئوقۇچى!

جورنالنى تۇزەتىشدە عەمەلى سورەتدە ئشتىراك قىلىشىڭ لازىم!

فىكرىڭنى ئەنكېتە ئارقالى بىلدىر!

# بۇخارا خاتىن - قىزلار تەعلىم - تەربىيە تېخنىكومى.

مىللى چېگەرەلەنشدەن كېيىن بۇخارا خاتىن-قىزلار مەعارىفىگە عەلاحىدە ئەهەممىيەت بېرىلدى. خاتىن-قىزلارغا ماخسۇس بىرىنچى باسقىچ مەكتەبلەر، قۇرسلار، هۇنەر مەكتەبلەرى ئاچىلىب، شۇ قاتاردا 1925 ىنچى يىل ئوكتىبىر ئايىدا بۇخارا خاتىن - قىزلار تەعلىم - تەربىيە تېخنىكومى تەشكىل قىلىندى. تېخنىكوم ئوزىنىڭ تەشكىلى دەۋرىدە بىر قانچا قىيىنچىلىقلارنى باشىدان كېچىردى. تېخنىكوم بۇ يىلغى 28/29 ىنچى ئوقۇش يىلىدا تېخنىكومدە I - II ئەساس، II - تايىيارلىق، I - ئا - I - ب تايىيارلىق سىنفلەرى بىلەن جەمعى 5 سىنىف بولىب داۋام قىلدى. تېخنىكومدە ئوقۇشلار خالق مەعارىف قومىسسارلىغىنىڭ شوراسى تەرەفىدەن بىلىم يۇرتى ۋە تېخنىكوملەر ئۇچۇن تۈزگەن پىروگرامەمە ۋە ئوقۇش پىلانى بويىنچا ئالىب بارىلدى. تېخنىكومدە تالىبەلەرنىڭ سىنىفدە ئوتكەن نەزەرى بىلىملەرىنى عەمەلى ئوتىش

**buxarada tə'lim-tərвijə texnikymi**



texnikymni вu jьl вitiriв iş majdanьqa cьqadьqan xatьn—qьzlarьmьz.

ئوزىنىڭ 4 يىللىق دەۋرىدە ئوز قۇچاغىدا 100 دەن ئاشىق (79 %) ئىشچى ۋە دېهقان قىزلارىنى تەربىيەلەب كېلمەكدەدىر. بۇكۇن بىلىم مەنبەعى بولغان تاشكەنت ئولكە بىلىم يۇرتىنىڭ 10 يىللىق يۇبلەيى مۇناسەبەتى بىلەن بىر قاتاردا ئارقادا قالغان ئوكروگدە بولغان بۇخارا خاتىن - قىزلار تېخنىكومى هەم بىلىم قۇرالى بىلەن قۇراللانغان 14 نەفەر ئىشچىنى ئىش مايدانىغا چىقاردى.

ئۇچۇن فىزىكە-كىمىيا كەبىنەتى باردىر. بۇندا تالىبەلەر تېگىشلىك فەنلەردەن عەمەلى تەجربە قىلىب تۇرادىلار. ئوتكەن يىللارغا نىسبەتەن بۇ يىلغى ئوقۇش دەۋرىدە تېخنىكوم ئوقۇتۇچىلار بىلەن بىر مۇنچا قاناعاتلانارلىق دەرەجەدە تەئمىن ئېتىلدى. تالىبەلەر كۇندەلىك دەرس ساعاتلارىدان تاشقارى تېخنىكوم حۇزۇرىدە تەشكىل قىلىنغان توگەرەكلەردە فاعال سورەتدە ئىشلەب كېلەدىلەر. ئۇ توگەرەكلەر ئېسە تۇبان-

داغىچا: خۇداسىزلار، موخبىرەلەر، سەنايىعى، نەفىسە، فىزكۇلتورە، قول ئىشى، رىيازىيات، رەسىم، جۇغرافىيا ۋە تەبىعىيات توگەرەكلەرىدىر. بۇ توگەرەكلەرنىڭ ھەرقايسىسىدا تىخنىكوم ئوقۇتۇچىلارى رەھبەرلىك قىلىب تۇرادىلار.

بۇلاردان باشقا تىخنىكومدە قولوب بولىب، قۇلوب ھۇزورىدە كۇتۇبخانا باردىر. قۇلوبدە لىنىن بۇرچەگى، بىدىن ساۋاتسىزلىق، ئاسا-ئاۋىياخىم ۋە خاتىن-قىزلار بۇرچەگى تەشكىل قىلىنىب، تىگىشلىك پىلاكەت ۋە ئەدەبىياتلار بىلەن تەئمىن قىلىنغاندىر. ياتاقخانالار يانىدا كەششافلار قۇلوبى تەشكىل قىلىنىب، بۇندا قىزىل ئاي بۇرچەگى ھەمدە شاخمات توگەرەگى تەشكىل قىلىنغاندىر.

تىخنىكومنىڭ 28/29 نىچى ئوقۇش يىلىنىڭ باشىدا جەمعى 102 نەفەر تالىبەسى بولىب شۇلاردان ئىجتىماعى، مىللى ۋە فىرقاۋى تەرەفدەن قۇيىداغىلارغا بولىنگەندىرلەر.

| بارلىق سانى | ئىجتىماعى ئەھۋاللارى: رابوچى | دېھقان | باتراق | كاسىب | خىزمەتچى | باشقىلار | مىللەتلەرى: ئۆزبېكلەر | تاجىكلار | تاتارلار | يەھۇدىيلار | فىرقىۋى جەمعەتلەرى: فىرقىلىلار | كومسومولار | [illegible] | [illegible] |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 102 | 10 | 22 | 6 | 8 | 35 | 21 | 81 | 10 | 10 | 1 | — | 60 | 40 | 2 |

تىخنىكومدە ئىچكى تەشكىلاتلاردان ياشلار يەچەيكەسى، كەششافلار تەشكىلاتى ۋە ئوقۇچىلار قومىتاسى باردىر.

ياشلار يەچەيكەسىنىڭ 60 نەفەر ئەعزاسى بولىب، تىخنىكومنىڭ عۇمۇمى تالىبەلەرى ئورتاسىدا سىياسى رەھبەرلىك ۋە بىدىنەلمىلەلچىلىك تەربىيەسىنى ئالىب بارادىر. يەچەيكە ۋە ئوقۇچىلار قومىتاسى تەرەفىدەن ئايىغا ئىككى مەرتەبە «قوزغالىش» ئىسمىدە دىۋارى گەزىتە چىقىب تۇرادى.

تىخنىكومنىڭ عۇمۇم تالىبەلەرى يەچەيكە رەھبەرلىگى ئاستىدا ئالدىمىزدا ئوتكەن شورا سايلاۋ كەمپانىيەسى، پاختا تىكىش كەمپانىيەسى، ئىسكى ئەلفىبىگە قارشى يۇرىش، ئىكىن مەعرەكەسى ۋە پەرەنجىگە قارشى ھۇجۇم مەعرەكەلەرىدە فاعال رەۋىشدە ئىشتىراك قىلىب كىلدىلەر، ئايىنىسا ئىكىن مەعرەكەسىدە قىشلاقنى مەعنەۋي ئاتالىقغا ئالىب دېھقانىنىڭ يېرى ئۇستىدە بىر نىچە مەرتەبە عەمەلى ئىش قىلىب كىلدىلەر. بۇندان باشقا ئوتكەن يىلدا ئوتكىزىلگەن ھوجوم مەعرەكەسىدە تالىبەلەر، خاتىن-قىزلار ئورتاسىدا پەرەنجىگە قارشى تەشۋىقات يۇرگىزىب 200 تە خاتىننىڭ پەرەنجىسىنى ئالدىرىشغا مۇۋاففاق بولدىلار. بۇخارا ئىچىدەگى ئاتلىقغا ئالغان گۇزەردەگى مەچىتنى قۇلوبغا ئەيلەندىرىب قۇلوب ھۇزورىدە خاتىن-قىزلارغا ماخسۇس خات-ساۋاد مەكتەبى تەشكىل قىلدىلار. قىزىلسىغا ئوزلەرىدەن مۇعەللىمە بىلگىلەب 30 نەفەر خاتىننى ئوقوتوب تۇرماقدالار. يەنەدە تىخنىكوم ھۇزورىدە خات ساۋاد قۇرسى تەشكىل قىلىب، گۇزە خاتىن-قىزلارنى ئوقوتوب تۇرماقدالار.

تىخنىكومنىڭ مۇۋاففاقىيەتلارى بىلەن بىرگە بىر مۇنچا كەمچىلىكلەرى ھەم بار. كەمچىلىكنىڭ بىتتەسى بىناسىنىڭ يېتىشسىزلىگىدىر. تىخنىكوم تەشكىل قىلىنىشىغا 4 يىل بولسا ھەم شۇل كۇنگىچە بىر قولايلى بىناغا ئورناشالمادى. تىخنىكوم بىناسى ئىككى جايدا بولىب بىرسىگە مەكتەب ئىككىنچىسىگە عۇمۇم ياتاقخانا جايلاشقاندىر. ياتاقخانا بىناسىنىڭ يېتىشسىزلىگى ئۇچۇن عۇمۇم تالىبەنىڭ % 60 قاتناب ئوقۇيدىر. تالىبەلەرنىڭ ئەكسەر قىسمى بىر جايدا بولماغانىدان تىخنىكومدە توگەرەك ئىشلەرى ۋە ئىجتىماعى تەربىيە ئىشلەرى ئالىب بارىشدا بىر مۇنچا كەمچىلىكلەرگە ئۇچرايمىز. بۇخارا خاتىن-قىزلار تىخنىكومىدەن كىلگۇسىدە ئىشچى-دېھقان عاممەسىنىڭ تەلەبىگە تولوق جاۋاب بىرە ئالارلىق زىيالىلار يېتىشدىرىش ئۇچۇن يۇقارىدا كورسەتىلگەن كەمچىلىكلەرنىڭ ئوز ۋاقتىدا تولدىرىلىشنى يۇقارى ئىدارالارىمىزدان سوراب قالامىز.

بابا‌شەۋا.

باشقارما:

بىراق گەزىتەمىزنىڭ ئىسمى «قوزغالىش» بولغانىغا مەعنا بىرەلمەي قالدىق. (نيمەگە قارشى قوزغالىش؟) بۇ ئىسمىگە تىخنىكومنىڭ فىرقا ۋە جاماعات تەشكىلاتلارى قانداي قارادىلار ئىكەن.

Telegram adress: ◆◆◆◆◆◆◆◆

@turkiston_kutubxonasi

# مەركەزى فرقا مەكتەبى «ئدستالدن»

ئورناق «ئدستالىن» نامىغا ئاچىلغان مەركەزى فرقا مەكتەبىنىڭ مەقسەدى ئوزبېكستاندا ئىشلەيدىگەن مەلەكەلى لېنىنچى رەھبەرلەر تايىيارلاشدر. كەپىتەلزم فىيادالىزم زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن ئىشچى باتراق ۋە دېھقانلارغا لېنىنىزم كەممونىزم تەربىيەسىنى بېرىپ چن ئىنسانىيەت دۇنياسىنى تۈزىشگە؛ ئوزىنىڭ بار كۈچىنى سەرف قىلغان فرقا بىردەن بر كەممونىستلەر فرقاسىدىر. مەعلومكم: ئوزبېكستان جۇمھۇرىيەتى؛ روسىيا، ئوكراينا، زاكافكازيە، ۋە بېلاروسىيە جۇمھۇرىيەتلەرىگە نىسبەتەن مەدەنىيەتدەن ئارقادا قالغان فىئادالىزم ۋە مەيدە بورژۇۋازىيا قالدقلارى كوب بولىب، پرولېتەرىيەت ئاز فائزنى تەشكىل قىلادىغان قالاق بر ئولكەدىر.

ئوكروگلەردا ئوسنالار تايىيارلاش ئۈچۈن 1926 نچى يىلنىڭ ئەپرل ئايىدا سەمەرقەندە جۇمھوريەت ئىشچىلەر كارخانەسى فرقە مەكتەبى ئاچىدى. بۇ كارخانەمزنىڭ برنچى ئاچىلىشى بر يىللىق بولىب ئوزبېكستاننىڭ ھەر بر بۇر-چەكلەرىدەن، ئىشچى دېھقان بالالارىنى بر يىل ئىچىدە قىسقا مۇددەت بولسا ھەم تەربىيەلەب 72 كىشى چىقازدى. 27 نچى يىلدە چىقازلغان تەلەبەلەر نەزەرى تاماندان ئاز مەعلومات ئالغان بولسالار ھەم جۇمھۇرىيەتىمىزنىڭ شەرايىتىگە مۇۋافق ئىشلەب كەتتە فائىدە يېتكزمەكدەلەر.

27—28 نچى ئوقوش يىلىدە مەكتەبىمز ئىكى يىللىق بولىب 100 تە تەلەبە قابول قىلىندى. بۇل يەنگى قابول قىلىنغان تەلەبەلەر، سىياسى جەھەتدەن كۈچلى-

samarqandda ьstalьn namьƣa acьlƣan mərkəzi fьrqa məktəbi



вu jьl вitiriв cьqqucьlar həjəti (ortada mydir əhmedif və oqutqucь vəlidif)

ئوزبېكستان فرقا قومىتاسى، ئوزبېكستاندا يەنگى ئىجتماعى تۇرمۇش تۈزىشدە، ئىشچى، باتراق، دېھقان ۋە ھۈنەرمەندلەردەن لېنىنىزم ۋە كاممونىزم مەفكۈرەسى بىلەن قۇراللاندرىب، ئارقادا قالغان قىشلاق، رايون ۋە

لەرىنى برنچى قورسقا سىياسى ۋە ساۋاد تاماندان زەعىف بولغانلارىنى تايىيارلاۋغا قابول قىلىنغاندر.

27 — 28 نچى يىلدا قابول قىلىنغانلاردەن 45 كىشى II —نچى قورسقا ئوتىب، قالغانلارى I —نچى قورسقا

چىققان. مەكتەبىمىز ئىككى يىللىق بولغانىدان 27–28 نچى يىلىدا قابول قىلىنغانلار بۇ يىل مەكتەبنى بىتىرىب چىقادرلار.

بۇ يىل ئىشخانەمىز، ئوزبېكىستان ۋە مۇختار تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلەرىدە، سىنفى كۆرەش مەيدانىدا ئىكىنچى مەرتىبە 40 كۆچنى چىقارادى. بۇ 40 كۆچ بىرىنچى چىقارىشغا قاراغاندا سان جەھەتىدەن كەم بولسە ھەم سىفەت جەھەتىدەن ياخشىدىر.

بىترۈچى تەلەبەلەرىمىزنىڭ ئىجتىماعى چىقىشلارى: دېھقان 22، ھۆنەرمەند 4، خىزمەتچى 2، رەباچىلەر 9، باشقالار 3 نەفەردىر.

فرقەۋى تامانىدان ھەقىقى ئەعزالار 19، كەندىدانلار 16، كەمسەموللار 5 نەفەردىر.

مىللى جەھەتىدەن: ئوزبېكلەر 30، تاجىكلەر 7، قىرغىزلار 1، ئويغورلار 2، فارس 1، نەفەردىر.

ئوقۇش توغرىسىدا دەستەبكى بىرىنچى چىقارىشنىڭ ئەھۋالى ئۇ قەدەر ياخشى بولماسا ھەم، ئىكىنچى چىقارىشنىڭ ئەھۋالى تامانىدان بىر مۇنچا ياخشى. بۇ يىلقى ئوقۇش يىلىنىڭ 2 نچى ئىردەمستىرىگە مەكتەبىدەگى عۇمۇمى تەلەبەلەرنىڭ ئىجتىماعى سەستەفلەرىنى تېكشىرىب يامان ئۇنسۇرلەردەن چىققان شۇ بىلەن بىرگە عىلاقەنى كېسمەگەن، ئەخلاقسىزلىق، گروھبازلىق بىلەن مەشغول بولغان 13 كىشى مەكتەبىدەن چىقارىلدى. شۇلەرنىڭ ئىچىدە بىترۈچىلەردەن 5 كىشىنى تەمامەن چىقارىب، 2 كىشىنى بىر يىللىق تەجرىبە ئالىش ۋە تۈزەلىش شەرتى بىلەن ئىشكە يۇبارىلدى.

مەكتەبىمىزنىڭ بىرىنچى چىقارىلىشى ۋە ئوتكەن يىللاردەگى ئوقۇشلەر كوبراق لېكسىيە ئۇسۇلى بىلەن بولىب، كەبىنېتلەر ھەم مالۇم بىر تەرتىبگە سالىنغانى يوق ئېدى. بۇ يىلدە كوبراق دالتون پىلان ئۇسۇلىنى قوللاب كەبىنېتلەرنى ھەم مەعلۇم تەرتىبگە سالدىق.

مەسەلەن: تارىخى كەبىنېتى، ئىقتىسادى كەبىنېتى، جۇغرافىيا كەبىنېتى، تىللەر كەبىنېتى ۋە پېداگوگىيە كەبىنېتلەرى تەشكىل قىلىندى.

مەركەز قومىنىڭ قەرارىغا مۇۋافىق مەركەزى فرقە مەكتەبى 3 يىللىق بولىب 28–29 نچى ئوقۇش يىلىدا قابول قىلىنغان تەلەبەلەر 3 يىل ئوقۇيدىلار. ئەلبەتتە III نچى چىقارىشىمىز II نچىغا نىسبەتەن يەنە سىفەت جەھەتىدەن ياخشى بولىشى تۇرگەن گەپ.

ئورتاق ئىستالىن نامىغا ئاچىلغان مەركەزى فرقا مەكتەبى ئوزىنىڭ 2 يىللىك ئوقۇش دەۋرىدە قانچا قىيىنچىلىق ۋە توسقونچىلىقلارغا ئوچرەگەن بولسا ھەم، بۇلەرنى يېڭىب لېنىنىزم، مەركسىزم بىلىملەرى بىلەن سۇغارىلغان 40 تە ياش لېنىنچىلەرنى ئوزبېكىستان فرقا تەشكىلاتلەرىگە تەقدىم قىلادى.

بۇ كۆچلەر دەريەدەن بىر تامچى سۆزدك بولسا ھەم، ئىحتىياجىمىزنىڭ زورلىقىغا قاراغاندا، دەردىمىزگە ئەنچە دەرمان بولادى، چۈنكى مەملەكەتىمىزنىڭ مەدەنىيەتىدەن پەستدە بولىشى، ئىقتىسادى قالاقلىغىمىز، سىنفى دۇشمانلارنىڭ دائىمى ھەرەكەتدە بولىشى فرقامىزنىڭ ئالدىدا لېنىنىزم، مەركسىزم بىلەن سۇغارىلغان يەڭى كۆچلەرنى تاييارلاشنى تەلەب قىلادى.

مەنە بۇ ۋەزىفەلەرنى بەجەرىشدە مەركسىزم ۋە لېنىنىزىمنى ئوزىگە قورال قىلغان ھەقىقى كۆرەشچىلەرنىڭ بولىشى كېرەك. مەركەزى فرقە مەكتەبىنى بۇ ئىكىنچى چىقارغان كۆچلەرى لېنىنىزم مەفكورەسىنى عامماللاشتىرىش، تۇرمىشدا كېڭ ئوزگەرىش ياساش سىنفى كۆرەش مەيدانىدە ئوزىنىڭ چىدەملىگىنى كورسەتىش ۋە ئۇنىڭ ئاخرىغاچا يېتكىزىشدە فرقانىڭ قاھرامان ئەسكەرلەرىدەن بولىشلارىغا ئىشانەمىز.

زىيا ئەحمېدوف.

◆◆◆◆◆◆◆◆

# مەركەزى سىياسى ئاقارتۇۋ ئىشچىلەر قورسى.

مەركەزى سىياسى ئاقارتۇۋ قۇرسىنىڭ ئاچىلىشىدان ماقساد: سىياسى ئاقارتۇۋ يولىدا، قىشلاق ۋە شەھەردائىرلارىدا ئىشلەش ئۈچۈن رەھبەرلەر (كىتابخانا، قۇلۇب، قىزىل چايخانا، س|ب. رەھبەرلەرى) تاييارلاش ئېدى. شۇ مەقساد بىلەن 1927 نچى يىل باشىدا قۇرس 7 ئايلىق بولىب، 35 كىشى تاييارلاب، قىشلاق ۋە شەھەرلەرگە تارقاتىلغان ئېدى. يەنەدە رەھبەرلەرنىڭ سىياسى ئاڭى كۆچەمەرەك بولسۇن ئۈچۈن 28–1927 نچى ئوقۇۋ يىلىدا قورسنى 7 ئايلىقدان 2 يىللىققا كوچىرىلىب، پروگراممەلەرى كېڭەيتىرىلدى. ھەم كوبكنە سىياسى ۋە ئىجتىماعى فەنلەر كىرگىزىلدى. قورسنىڭ بىرىنچى ئوقو يىلىدا عۇمۇمى فەنلەر ئوتىلدى؛ 2 نچى ئوقۇش يىلى داۋامىدا 60% سىياسى مەعارىف دەرسلەرى كىرگىزىلىب، تەلەبەلەر ئايرىم ئىسخىلەرگە بولىندىلەر (كىتابخانا، قولۇب ھەم قىشلاق ئىشچىلەر ئىسخىلەرى)

ئۇرسدا ئوقۇش ئوسۇلى دالتون پىلانى بىلەن ئالىب بارىلدى. قۇرس ئوقۇش ئەسبابلارى، ۋە ھەر خىل كورگەزمە قۇراللارى بىلەن %70 ــ 60 تەئمىن قىلىنىب، تەلەبەلەرنىڭ تەجرىبە ئىشلەرى 2 تۇرلى يول بىلەن باردى. 1) مەكتەب ئىچىدەگى ھەر خىل توگەرەكلەر يولى بىلەن (رەسم، رادىيو، مۇخبىرلەر، خۇداسىزلار توگەرەكلەرى ۋە ساۋال ـ جاۋاب كېچەسى ۋە باشقالار) 2) تەجرىبە قوللانمالار ئالىب تۇردى. قۇرس ئوزىنىڭ قىلغان ئىشلەرىدەن ئۇلارغا ھەم مەعلوماتلار يۇبارىب تۇردى. قۇرس ئوزىنىڭ ئوقۇش داۋامىدا فرقە ــ كەمسەمول تەشكىلاتلارى بىلەن مۇستەھكەم ئەلاقەدە بولىب، ئىسكى ۋە يەڭگى شەھەردە بولغان كەمسەمول كروژوكلارىغە 16 نەفەر كەمسەمول ئەعزالارىنى بىرگىندى. ئۇلار كەمسەمول مەعارىف ئىشىدە رەھبەرلىك قىلدىلار. لېكىن

mərkəzi sьjasьj aqartu işcilәri qorsь



вu jьl вitiriв cьqqan azamat jigitlәrimiz

ئىشى، مەكتەبدەن تاشقارى تاشكېنتنىڭ ئېسكى ۋە يەڭگى شەھەرلەرىدە بولغان قۇلۇب، كىتابخانا، ساۋادسىزلار مەكتەبى، دېھقان ئۇيلەرى، قىزىل بۇرچەكلەرگە ھەفتەسىگە 2 كون 4 ساعاتدان تەجرىبە ئوچۇن يۇردىلەر.

ئۇندان كېيىن قىشقى ۋە يازغى تەعتىل ۋاقىتلارىدا تەلەبەلەرنى قىشلاق، ۋە شەھەرلەرگە تەجرىبە ئىشلەرىگە ئايرىم قوللانمالار بىلەن تەئمىن قىلىنغان حالدا يۇباردىلار. تەجرىبەدەن توپلاب كېلگەن ماتېرىياللارنى قورس قاشىداغى سىياسى مەعارىف كەبىنتىدە تەرتىبلى يوللار بىلەن ئېكشىرىلىب ۋە شۇل ماتىرىياللارغا ئاساسلانىب، سىياسى مەعارىف دەرسلەرىگە باغلانىب ئالىب بارىلدى. ھەم تەجرىبەدەن كېلگەن تەلەبەلەر بىرلىگىدە كەنفرىنسىيە قىلىب، قىشلاق ــ شەھەرلەردەگى سىياسى مەعارىف مۇئەسسەلەرىدە بولغان كەمچىلىكلەرنى يەكونلەشدىردى. قورس، مەسكەۋ، لېنىنگراد سىياسى مەعارىف ئىنستىتوتلارى بىلەن يېقىشى ئەلاقەدە بولىب، ھەر ۋاقت ئۇلاردان شۇ قادار ئىشلەرنى بەجەرگەن بولساھەم، قۇرسنىڭ بەعزى تامانلارىدان كەمچىلىكلەرى ھەم بار. مەسەلەن: ۋ يىلىگى، 48 بىترۇچىلەر ئىچىدە خاتىنقىزلار جۇدە كەم (2 نە) بۇنىڭ سەبەبى مەحەللى ئىدارالارنىڭ خاتىنقىزلارنى يۇبارىشدا ساۋۇق قان بىلەن قاراشىدىر. 2 ىنچى: ئۇزاق ئوكروكلەردەن تەلەبەلەر جۇدە ئاز (قاشقادەريە، سۇرخاندەريا، زەرەفشان) بۇلارنىڭ ھەم سەبەبلەرى ئوكروكلەرگە بولىنگەن رەزۋېرىسكەلەرى ئوستىدە تولا ئىشر كورمەگەنلەرىدەدىر. بۇ يىلغى تامام قىلغوچىلار ئوكروك، مىللەت، ئىجتىماعى ئەحۋاللارى بىلەن قويىداغىچادر:

ئوكروكلەرگە بولىنىشلەرى:

| | |
|---|---|
| تاشكېنت ئوكروگىدەن . . . . . . . | 17 |
| 1 ــ سامارقاند « . . . . . . . | 8 |
| 2 ــ بۇخارا « . . . . . . . | 5 |
| 3 ــ ئەنجەن « . . . . . . . | 3 |
| 4 ــ فەرغانە « . . . . . . . | 5 |

| | |
|---|---|
| 5 ـ خوجاند » | 3 |
| 6 ـ زەرەفشان » | 2 |
| 7 ـ خارازىم » | 3 |
| 8 ـ سۇرخاندەريە » | 1 |
| 9 ـ تۈركىستاندار » | 1 |
| جەمعى : | 48. |

مىللى جەھەتىدەن :

| | |
|---|---|
| 1 ـ ئۆزبېك » | 33 |
| 2 ـ قازاق » | 3 |
| 3 ـ تاتار » | 3 |
| 4 ـ تاجىك » | 6 |
| 5 ـ باشقالار » | 1 |
| جەمعى : | 48. |

فىرقاۋى تامانىدان:

| | |
|---|---|
| 1 ـ فىرقالىلار » | 6 |
| 2 ـ كەمسەمۇللەر » | 39 |
| 2 ـ فىرقاسىزلار » | 3 |
| جەمعى : | 48. |

ئىجتىماعى ئەھۋاللارى:

| | |
|---|---|
| 1 ـ دېھقانلار » | 21 |
| 2 ـ ئىشچىلەر » | 9 |
| 3 ـ باتراقلار » | 11 |
| 4 ـ كاسىبلار » | 7 |
| جەمعى : | 48. |

جىنسى تاماندان:

| | |
|---|---|
| ئېرلەر » | 46 |
| خاتىنقىزلار » | 2 |
| جەمعى : | 48. |

مۇتەخەسسىسلىكى بويىنچا:

| | |
|---|---|
| 1 ـ كىتابخانا ئىشچىلەرى | 11 |
| 2 ـ قۇلۇب » | 14 |
| 3 ـ قىشلاق » | 23 |
| جەمعى : | 48. |

قۇرسنىڭ كېلگوسى ۋازىفالارى:

بو ۋافتقاچا 2 يىللىق بولىب ياشاب كېلگەن قورسنى 4 يىللىق ئېلىب ئىنىستىتوتكە ئەيلەنتىرىش ، خاتىنقىزلارنى كوبراق جەلب قىلىش. كېيىندە قالغان ئوكرو كلاردەن كوب مىقدارادا تەلەبەلەر ئالىش، بۇ ئىشلەرنى بەجەرىشدە قورسغىنا ئېمەس، بەلكم يۇقارغى ئىدارالارنىڭ سېر حەرەكەتلەرىگە باغلىقدىر. 30 ــ 1929 ىنچى ئوقۇش يىلىدا قورسغا 75 تەلەبە قابول قىلىنادى. رازۋېرستكەلەر ئوكروكلەرگە تارقاتىلدى

شۇنىڭدە ۋچۇن جايلاردانى تەشكىلاتلارغا بېرىلگەن ـ رازۋېرستكەلەرنى تولتىرىشدە زور تەشەببۇسدە بولىشلارى لازىم.

باگايىف.

◆◆◆◆◆◆◆◆

# تۈرك مەيدە مىللەتلەر تەعلىم ـ تەربىيە تېخنىكومى تارىخىدان

ئوكتەبر ئوز گەرىشى، پىرولىتەرىيەت سىنىفىنىڭ شانلى يېڭىشى نەتىجەسىدە توغقان تۈرك مەيدە مىللەتلەر تەعلىم ـ تەربىيە تېخنىكومى ئوزىنىڭ بۇ يىل ئون يىللىق شانلى بايرامىنى ئوتكەزەدى. بىراق تۈركىستانداغى دەدەنى ـ مەعارف فرونتىنىڭ جۇدە كەتتە ۋە كېڭلىگى، بىلەم، مەعارف فرونتىدە ئىشلەي تۇرغان يېرلى خالقنىڭ كەملىگى، خۇسوسەن مەيدە مىللەتلەرنىڭ مەعارف ئىشچىلەرىگە بولغان كەتتە ئېحتىياجى مەعارف فرونتىدە يەڭى كۇچلەر، يەڭى ئىشچىلەر تاييارلاشنى تەلەب قىلدى.

ئوكتەبر يېمىشى بولىب ئاچىلغان حسابسىز كوب قورسلار، مەكتەبلەر، قۇلۇبلار، قىرائەتخانالار، علمى ئىشچىلەر تەلەب قىلادى. مانە شۇل سەبەبلەرنى ئېعتىبارغا ئالىب، 1917 ىنچى يىلدا تاشكەنتدە روسچا، تاتارچا مەكتەبدە VI سىنىفنى بىتىرىب، VII سىنىفكە كوچەلەر ئۇچۇن دېب كوستەر يولى بىلەن بىر سىنىفدارىلموعەللىمىن ئاچىلدى. بۇندا 25 لەب تاتار ـ باشقىرد مەيدە مىللەتلەرنىڭ بالالارى، دارىلموعەللىمىندە بىرىنچى مەرتەبە ئوقۇش باشلادىلار. بىراق بۇ حال ئۇزاق داۋام ئېتمەدى. 1918 ىنچى يىلدا تاشكەنت مەعارف ئىدارالارىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈرك، قازاق، روس بولىكلەرىدەن عىبارات «ئۆلكە تۈرك دارىلموعەللىمىنى» نامى بىلەن بىتتە دارىلموعەللىمىن ئاچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەرابەر ئولكە تۈرك دارىلموعەللىمىنى ھەم تەلەبەلەر ئويلاغانى كەبى بولىب چىقمادى. يېرلى خالقدان تەعلىم ـ تەربىيە ئىشلەرىنى ئالىب بارارلىق كۇچلەر بولمادى. تۈرك ئەسىرلەرى، يېرلى خالقنىڭ تىلىگە تۇشىنمەدىلەر

II

## ئۇلكە تۈرك ـ تاتار دارىلمۇعەللىمىنى دەۋرى

مەعارف شۇعبەسى ئولكە تۈرك ــ تاتار دارىلمۇ-عەللىمىنى ئاچىشغا رۇخسات بەردى. 1919 نچى يىلدا، 8 نچى ئەپرىلدە رەسمى رەۋىشدە ئولكە تۈرك ــ تاتار دارىلمۇعەللىمىنى ئاچىلىب، 15 نچى ئەپرىلدە دەرسلەر باشلاندى. مەنە شۇنداي قىلىب، ئۈلكە تۈرك مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنىڭ بىرىنچى تاشى سالىندى.

ئۈلكە تۈرك ــ تاتار دارىلمۇعەللىمىنى ئىككى سىنىف بولىب، بىتتەسى بىرىنچى ئاساسى، ئىككىنچىسى II ئا-ساسى سىنىف بولىب ئاچىلدى. بۇندا 60 ــ 70 تەلەبە بار ئىدى. بىراق بۇ كۈنلەردە گىرەجدەنلەر ئۇرىشى قىزىب، شورا دۈشمەنلەرى ھەر تاماندان ھۇجۇم باشـ-لادىلار، بار كۈچ فرونتكە بېرىلدى؛ بالالار ئاراسىدا كەسەللەر كوپەيدى، تىف ھۇجۇم ئېتدى، ئوپكە كە-سەللەرى باشلاندى.

**taskentdə tyrk məidə millə'lər вilim iurtь**



вu jьl вitiriв сьqоlucь kyclər

III

## ئۈلكە تۈرك ـ تاتار بىلىم يۇرتى دەۋرى

1920 نچى يىلدا مەعارف كەمىسسەرىيەتىنىڭ بۇيـ-رۇغى بىلەن دارىلمۇعەللىمىنلەر، ئۈلكە بىلىم يۇرتلەرى نامى بىلەن ئوزگەرىب، شۇ جۇملەدەن ئۈلكە تۈرك ــ تاتار دارىلمۇعەللىمىنى ھەم «ئۈلكە تۈرك ــ تاتار بىلىم يۇرتى نامى» بىلەن ئىسىملەندى.

بۇ دەۋردە عىلمى ۋە تەشكىلى تامانلارى ئوسدى، يۇكسەلدى. عىلمى تەشكىلات كوپەيدى، ھەر خىل توگەرەكلەر، ئويۇشمالار ئوزۇلدى: كەمسەمول يەچەيكەسى ئوزۇلىب، بىلىم يۇرتىنىڭ مەفكورەۋى تامانىغا رەھبەرلىك قىلىشغا كىرىشدى.

بۇ دەۋردە گەزىتە جورنال ئىشلەرى كۈچەيدى. ھەفتەلىك گەزىتە ــ ئايلىق جورنال تەرتىبلى سورەتدە چىقا باشلادى. گەزىتەنىڭ مەۋزوع ۋە مۇندەرىجە تا-مانىدان ياخشىلانغانى كەبى ئىدەئالوگىيە تاماندان ھەم

ئەنچە ياخشىلاندى. بۇ دەۋر 1924 ىنچى يىلغاچا داۋام ئېتىپ، تورت يىللىق بىر دەۋرنى ئىچىگە ئالادى.

بۇ دەۋردە ئوقۇۋچىلارنىڭ سانلارى قۇيىداغىچا:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1920/21 | ىنچى يىلدا. . . . . | 170 | تەلەبە |
| 1921/22 | » . . . . . | 190 | » |
| 1922/23 | » . . . . . | 210 | » |
| 1923/24 | » . . . . . | 212 | » |

بولىپ، شۇلارنىڭ %30 ى خاتىنقىزلار بولدى.

1923/24 ىنچى يىلىدا 153 ئېركەك، 59 تە خاتىنقىز ئوقودى. شۇلاردان فىرقا ئەعزاسى 134 تە، فىرقاسىز 78 تەدىر.

مىللى تاماندان: 158 تە تاتار ــ باشقىرد، 43 تە ئويغور، 7 تە تۇنگەن، 2 تە ئوزبېك، 2 تە قازاق تەلەبەسى ئوقۇدى.

ئجتماعى تاماندان: ئىشچى ــ دېهقان 181 تە، خىزمەتچى 41 تە، باشقالار 31 تە بولدى.

جۇغرافى تاماندان: يېتى سۇۋدان 68 تە، سىر دەريەدەن 55 تە، ۋۇلغادان 31 تە، باشقىردستاندان 16 تە، فەرغانەدەن 12 تە، تۇرغايدان 10 تە، سەمەرقەنتدەن 7 تە، خېۋەدەن 5 تە، بۇخارادان 5 تە، ئامو دەريەدەن 4 تە.

بۇ دەۋردە ئوقۇتلغان فەنلەر:

1) حازىرلىق سىنفلەردە: ئانا تىلى، روس تىلى، رىيازىيات (حساب، هندەسە) تەبىعىيات، ئجتماعىيات، جۇغرافىيا، سىياسى بىلىم، رەسم، مۇزىكە، ئەشوللە، بەدەن تەربىيەسى.

2) ئاساسىلاردا: ئانا تىلى، ئەدەبىيات، روس تىلى، نېمىس تىلى، رىيازىيات (جەبىر، هەندەسە، تىرىگەنەمېترە عالى رىيازىياتنىڭ باشلانغىچى) فىزىكە، كوسموگرافىيە، تەبىيعىيات تارىخى، كىميا، جۇغرافىيا، ئجتماعىيات، سىياسى ئىقتىساد، سىياسى بىلىم، تەشرىح، فەلسەفە، مەنتىق، پسىخالوگىيە، پېدەگوگىيە، خالق مەعارىفى ئىشلەرى، ساغاقنى سانلاش، رەسم، مۇزىكە ئەشوللە، بەدەن تەربىيەسى.

بۇ دەرسلەرنىڭ روس تىلىدەن باشقالارى حازىرلىق سىنفلەردە ئانا تىلىدە، ئاساسى سىنفلەردە %50 روس تىلىدە كېتىدى. بۇ يىل، سىنفدەگى دەرسلەردەن باشقا هەر خىل تۈگەرەكلەر ئىشلەدى. مەسەلەن ئەدەبىيات تۈگەرەگى، تىياتىر، سەنايىع نەفىسە تۈگەرەگى، رەسم، ئىسپورت تۈگەرەكلەرى. بۇ دەۋردە بارلىغى 68 تە مۇعەللىم خىزمات قىلدى.

بىلىم يۇرتى بۇ دەۋردە ئىككى مەرتەبە مۇعەللىملەر تايىيارلاب چىقارىش مەعرەكەسىنى ياساب خالق ئاراسىغا 39 تە عەزەمەت قىزىل ئوقۇتقۇچىلار يوباردى؛ شۇلار ئىچىدە 6 تەسى خاتىن ــ قىزلار ئېدى. ئويغورلاردان بىرىنچى قالدىرغاچ رەسمى مۇعەللىم ئېتىلىب قاسىم ئورتاق بۇرهان چىقىب ئىشكە كىرشدى.

IV

## تۈرك مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتى دەۋرى

ئورتا ئاسىيا، ملى جۇمهورىيەتلەرگە ئاجرالدى. شۇ جۇملەدەن ئوزبېكستان جۇمهورىيەتى تەشكىل قىلىندى. تۈرك ــ تاتار بىلىم يۇرتى ئوزبېكستان هۆكۈمەتى قاراماغىغا ئوتىب مەعارف كەمىسەرىيەتى ئىدارەسىگە بېرىلدى.

ئوزبېكستان جۇمهورىيەتى مەيدە مىللەتلەرنىڭ ئوزىدەگى حاللارىنى ئېتىبارغا ئالىب، ئۇلارنى ئوزبېكلەر بىلەن بىر قاتاردا بىلىملى قىلىش ۋەزىفەسىنى يۈكلەدى ۋە بۇ مەسئەلەنى بولغا قويىش ئۈچۈن تۈرك مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنى تەئمىن ئېتىشكە كىرشدى.

شۇنداي قىلىب 1924/25 ىنچى ئوقۇش يىلىدان باشلاب، ئوزبېكستان جۇمهورىيەتىدە ياشاي تۇرغان تۈرك مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتى تارىخى باشلاندى. بۇ يىلىدا بىلىم يۇرتىدە 4 ئاساسى، 2 تە حازىرلىق سىنفى بولىب، هەممەسى 236 تە تەلەبە بولدى. شۇلاردان 82 تەسى خاتىن ــ قىزلار، 158 تەسى ئېرلەر.

مىللى تاماندان: تاتارلار، باشقىردلار، تارانچىلار، ئويغورلار، تۇنگەنلەر، ئوزبېكلەر، قازاق، قىرغىزلاردان عىبارات بولىب، شۇلاردان كەمسەمول ئەعزالارى 111 تە، كەندىدەتلەر 94 تە، فىرقا كەندىدەتلەرى 11 تە، فىرقاسىزلار 23 تە بولىب، شۇلار ئىچىدەن 107 تە تەلەبە قوشچى سايوزى ئەعزاسى ئېدى.

ئجتماعى تاماندان: ئىشچى %25، دېهقان %67، خىزمەتچىلار %8 دىر. بۇ يىلى 22 تە تەلەبە بىلىم يۇرتىنى بىتىرىب مۇعەللىم بولىب خالق ئىچىگە ئىشلەشكە چىقىب كېتىدىلەر. ئىچلەرىدە 8 تە خاتىن ــ قىزلار هەم بار ئېدى. بۇ مۇعەللىملەرنىڭ 21 تەسى ياش كەممونىستلەر، بىتتەسى فىرقاسىزدىر.

مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتى 1925 ىنچى يىلدان بۇ كۈنگەچە داۋامىدا ئۇ هەر تاماندان تۈزەلىب، ئېرەك

عىلمى نامانلارى، كېرەك تەشكىلات نامانلارى يۇكسەلـ
ـدى. بۇ بەش يىللىق دەۋردە بىلىم يۇرتى 185 نە
قىزىل ئوقۇتۇچىلار چىقارىپ، شۇلار ئىچىدەن 16 نە
يېرلى مەيدە مىللەتلەردەن بولىپ، 7 نەسى خاتىن ـــ
قىزلاردىر.

ئوقۇتۇچىلارنىڭ 90% ى ئوزبېكلەر بولىپ، بۇلار
ھەر خىل تەشكىلاتلاردا، مەكتەپلەردە ئىشلەيدىلەر، بىلىم
يۇرتى بۇ دەۋردە يىل سايىن ئوزىنىڭ چىن مەعناسى
بىلەن مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتى بولىشىغا يېقىنلاشدى.
ئەۋۋەلگى دەۋرلەردە تاتار، باشقىرد خالقىغا كوبرەك جاي
بېرىلگەن بولسا، بۇ دەۋردە بۇنىڭ تېسكەرىسى، تاتار،
باشقىردلارغا جاي ئاز بېرىلىپ، ئېڭ كوپ جاي يېرلى
خالقا ياخۇد ئوزبېكستان تۇپراغىدا ياشايتۇرغان مەيدە
مىللەتلەرگە بېرىلدى. مەسەلەن 24 ىنچى يىلدا تاتارلار
158 نە بولسا، 28 ىنچى يىلدا تاتارلار فاقات 74 نە
قالدى. قالغانلارى ھەممەسى ئوزبېكستاندا ياشايتۇرغان
باشقا مەيدە مىللەت خالقلاردىر.

بۇ يىل بىلىم يۇرتىدە 187 نە تەلەبە بولىپ، مىللى
ناماندان: ئويغورلار 53 نە، تۇنگەنلەر 10 نە، قا-
زاقلار 28 نە، ئوزبېك 1 نە، قىپچاق 1 نە، قىرغىز
3 نە، قارا قالپاق 1 نە. ئازارى تۇرك 5 نە، فارسى 2 نە،
قالغانلارى ئورتا ئاسىيادا، ئاينىقسا ئوزبېكستان تۇپراغىدا
ياشايتۇرغان تاتار-باشقىرد مىحنەتكەش بالالارىدىر. بۇ-
لارنىڭ ئىجتىماعى حاللارىغا كېلسەك، ئىشچى 37 نە،
قارا خىزمەتچى 5 نە، باتىراق 34 نە، كەمبەغەل دېھقان
2 نە، ئورتا دېھقان 70 نە، كىرىستيان (ئورتا دېھقان
دەرەجەسىدە) 16 نە، قارا ئىشچى 14 نە، كوسىبەر 3 نە-
دىر. بۇ يىل چېت عونسۇرلەرنى تازالاش ۋاقتىدا ئون-
لەپ چېت عونسۇرلەر چىقارىلدى. حازرغى كۇندە كېرەك
ئىجتىماعى، كېرەك ئىدېيالوگىيە نامانداڭ مەيدە مىللەتلەر
بىلىم يۇرتى ئوزىنىڭ سىنفى ئىزىغە تۇشدى. حازر
كەمسەمول ئەعزالارى 126 نە، فىرقاسىزلار 52 نە. بۇ
ئورتاقلار ياتاقخانە بىلەن ئىنتىرنەتدەن فايدالانادىلار.

شەھەردەن يىراق ئوقۇيتۇرغان تەلەبەلەرنىڭ 2 نەسى
دېھقان بالاسى كەمسەمول، 2 نە كىرىستيان بالاسى
فىرقاسىزدىرلار.

ئەگەر بىلىم يۇرتى تارىخىنىڭ ئون يىللىق دەۋرىگە
دىققاتلاپ قاراساق، ئۇنىڭ قانداي ئاغىر حاللار كېچۈر-
گەنى، ئۇنىڭ يىل سارى ئوسىپ، يىل سارى ساغايىپ



taşkent məjdə millətlər вilim iurtьda dərs caqь

يىل سارى ئوزىنىڭ مەعناسىغا مۇۋافىق ئوز گەرىپ يېقىن-
لاشىپ كېلگەنىنى جۇدە ئاچىق كورەمىز.

ئوزبېكستان تۇپراغىدا مەعارف فرونتى جۇدە كېڭ،
مەعارف ئىشچىلەرى ھەم جۇدە ئاز. ئاينىقسا مەيدە مى-
لەتلەرگە فىرقامىزنىڭ كەتتە ئەھەممىيەت بېرىپ تۇرغان
كۇنلەردە ۋە مەيدە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت دەرەجە-
سىنى كوتەرىش شىعارى كوندەلەڭ قويلغان مۇھىم بىر
شىعار بولغانلىغىدان ئوزبېكستان تۇپراغىدا ياشاغۇچى
مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنىڭ كەتتە ئەھەممىيەتى بار.
مەعارف خادىملارىمىز بۇنى ئېعتىبارغا ئالارلار دېپ
ئويلايمىز.

مەنە شۇلارنىڭ ھەممەسىنى ئېعتىبارغا ئالىپ،
شانلى ئوكتەبرنىڭ شانلى غەلەبەسى نەتىجەسىدە تۇغقان
تۇرك مەيدە مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنىڭ ئون يىللىق باي-
رامىنى، ئوكتەبىر بالاسىنىڭ 10 ياشىغا چىقىشى دېپ
بايرام قىلامىز.

ئ. ت.

## ئوقۇچى ئورتاقلار!

جورنال كوبچىلىكنىڭ ئستەكىنى قاندىرسۇن دېسەڭز، ئوتكەن ساندا غى
ئەنكېتەنى تولغازىپ يوبارىڭز!

# فەرغانە تەعلىم - تەربىيە تېخنىكومى

(5 نچى مەرتەبە ئوقۇتوچىلار چىقارش مۇناسەبەتى بىلەن)

جومھۇرىيەتىمىزنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىماعى، مەدەنى ئىحتىياجلارىنى ئوتەشدە فاعال ۋە مۇستەقىل رەۋىشدە ئىش كورە ئالالىغان ئورتا دەرەجە بىلىم گوگىيا تەخە-سسۇسىگە ئىگە عاماۋى ئىشچىلەر تاييارلاشنى ماقساد قىلىب ئالغان فەرغانە پېد تېخنىكومى، بۇ بىلەن بېشىنچى مەرتەبە چىقارش مەراسىمى ئوتكەزىب، ئىشچى ـ دېھقان عامماسىغا 119 عەدەد شورا ئوقوتوچىلارى تاييارلاب بېردى. حازىر بۇلارنىڭ ئېڭ كوب قىسمى قىشلاق ۋە باشلاغانى كىبى، تېۋەرەكنىڭ مەدەنى مەركەزى بولا ئالش لايافەتىنى ھەم سوڭغى يىللاردا حاسىل قىلدى: بىترو-چىلارنىڭ سىفەت ياغى يىلدان ـ يىلكوتەرىلە بارغانغا ئوخشاش، تېخنىكومنىڭ تېۋەرەككە ياردامى-دا كۈندەن كۈن ئوسمەكدەدر. فەرغانە تېخنىكومىدە، باشقالاردا تاز ئوچراغان بر خۇسۇسىيەت بولسا، ئۇل ھەم بىيندا ئېرلەر بىلەن قىزلارنىڭ بىرگەلەب ئوقۇشى، بۇ مەسئەلەنىڭ ھەر ياقدان فائىدالى بولشىنى عەمەلدە ئىسبات ئېتىشدىر.



farqana tə'lim—tərвijə texnikymini вitiriв cьqqan kyclər

شەھەردە ئوقۇتوچىلىق ۋە ئىزفەسىدە، بر مۇنچاسى يۇقارى بىلىم ئويلەرىدە ئوقۇشدا ۋە بەعزىلەرى شورا، فرقا ئىشىدە داۋام ئېتمەكدەدر.

فەرغانە پېد تېخنىكومىنىڭ 10 يىللىق تارىخى بولسا ھەم، بىراق ئۇنىڭ ساغلام ۋە مۇستەحكەم ئاساسغا قۇرۇلا باشلاشى بۇندان بېش يىل‌غىنا ئىلگەرىدەن باشلانادى. چندەندە، تېخنىكوم ئوزىگە يوكلەتىلگەن ۋەزىفەلەرىنى سوڭغى يىللەرداغىنا قاناعاتلەنۇرلىق دەرەجەدە بەجەرە

بىز، بۇ يەردە جورنال ئوقوچىلارىنى تېخنىكومنىڭ حازرغى علمى فويىلىشى، ئىشلەگەن ۋە ئىشلەشكە ئالغان بەعزى ئىشلەرى حاقىدا قىسقاچا تانشىدرىب ئوتەمز:

## تېخنىكومدە ئوقۇتوچى ۋە ئوقۇچىلار ساستافى

ئا) تېخنىكومنىڭ تۈزۈلىشىدە، ئۇنىڭ ئوز ۋەزىفەلەرىنى تولا رەۋىشدە ئوتەب ئالىشىدا كەتتە رول ئوينايدىرغان ئوقۇچىلار بولاب، ئۇلارنىڭ عۇمۇمى كورىنشى قۇيىداغىچا:

| مللى ئامنى | | | | | ئىجتىماعى چىقىشى | | | | فرقا، سايۇزغا مۇناسەبەتى | | | بىلىم دەرەجەسى | | | ئوقۇتۇچىلىقداغى ئىستاژى | | جىنسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| روسلار | ئۆزبېكلەر | تاتارلار | ئوكرائىنلار | ئۇيغۇرلار | دېھقان | خىزمەتچى | كوستار | ئىشچى | حاقىقى | كاندىدات | سايۇزدالىغى | ئورتا | مەخسۇس ئورتا | ئالى | نىچە يىلدان نىچە يىلغىچە | سانى | ئېرلەر | خاتىنلار |
| 13 | 7 | 1 | 1 | 1 | 10 | 7 | 4 | 2 | 7 | 5 | 23 | 4 | 7 | 12 | 21—12 | 6 | 20 | 3 |
| | | | | | | | | | | | | | | | 10— 5 | 8 | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | 5— 2 | 9 | | |

ب) فەرغانە، ئەنجەن ئوكروگلەرىدەن بولىب ھەممەسى 187 عەدەد ئوقۇچى بار. بۇلاردان 178 تەسى يانىب، 9 تەسى قاتناب ئوقۇيدى. ئوقۇچىلارنىڭ عۇمۇمى كۆرۈنىشى تۆۋەندەغىچا:

| مىللى ئاماتى | | | | | | | ئىجتىماعى ئەھۋالى | | | | | | | كەمسەمول فرقاغا مۇناسەبەتى | | | جىنسى | | گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈشى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆزبېكلەر | تاتارلار | تاجىكلار | ئۇيغۇرلار | قىرغىزلار | يەھۇدىيلەر | قىپچاقلار | كەمبەغەل دېھقان | باتراق | دېھقان | كاسىپ | ئىشچىلەر | خىزمەتچىلەر | باشقىلار | يالغۇز كەمسەمول | فرقا كاندىداتى | فرقاسىز | ئېرلەر | قىزلار | I جەزىرلىق | II جەزىرلىق B | II جەزىرلىق A | I ئاساسى | II ئاساسى | III ئاساسى | IV ئاساسى |
| 160 | 13 | 7 | 2 | 2 | 2 | 1 | 60 | 28 | 19 | 38 | 23 | 19 | | 140 | 3 | 17 | 149 | 38 | 26 | 34 | 25 | 27 | 21 | 20 | 24 |

يەنگى ئوقو يىلىدان باشلاب ئوقۇچىلار سانىنى بۇنىدان ھەم كېڭەيتىش، كۆچلەندىرىش ۋە ئوقوچىلار سەفىنى پرولېتەرلەشدىرىش برىنچى نەۋبەتكە قويىلۇر.

## ئوقۇش ۋە تربىيە ئىشلەرىنىڭ قويىلىشى

تېخنىكومدە 3 حازىرلىق (برىمۇۋازى) 4 ئاساسى [1]) جەمعى 7 گۇرۇپپە بولىب، بۇلار ئۈچۈن 9 تە كەبىنېت باردر. كەبىنېتلەرنىڭ ئەكسەرى يېتەرلىك دەرەجەدە جىھازلانغان، قالغانلارى ھەم جىھازلانماقدا.

دەرسنى ئىشلەش، ئىزلەش، كورسەتىش مېتودلارى بىلەن ئوتكەنگە ئوخشاش، سوز مېتودىدەن فايدالانىشغا ھەم مەجبورىيەت كورلمەكدەدر. ئوقۇش، تەجرىبە ئاسبابىنىڭ يېتىشمەسلىگى، ئوز ۋاقتىدا بولماسلىغى، ئوقوچىلارنىڭ روس ئەدەبىياتىدان يېتەرلىك دەرەجەدە فايدالانىشدا ئاقساغانلىغى ۋە باشقالار دالتون پىلان سېستېمەسىنى تولا عەمەلگە ئاشرىشغا ئىمكانىيەت بېرمەي تۇرادر. لېكىن شۇنداي بولسادا، كېلگوسى يىلدا ئىككى گۇرۇپپەنى شۇل سېستېمەدە ئالىب بارىشقا حازىرلىق كورىلمەكدە. 4 نچى ئاساسى گۇرۇپپەدەگى زەربەلى ئىشلەردەن بىرى تەجرىبە ئىشلەرى بولىدى، كى برىنچى ئىرىدەمسترەدە ئېۋەرەكدەگى برىنچى باسقىچ مەكتەبلەرگە، س/ب قوسلارىغا قاتناي باشلاندى. ــ تېخنىكوم قاشىدا «تەجرىبە مەكتەبى» نىڭ بولماغانى ئىشنىڭ بارىشغا بىر مۇنچا ئوڭغايسىزلىق بېردى. بۇنىدان باشقا قشلاق خوجالىغى

دەرسىنىڭ تەجرىبەسى ئۈچۈن 2 تاناب يەرگە «نەمونەۋى قىلىب كەناپ، پاختا ئېكىلدى.

دەرسدەن تاشقارى لېنىنزم، خۇداسىزلار، درامە، موسىقا، جىسمانى، حەربى، شاخمات تۆگەرەكلەرى، مۇخبىرلار سەمنارىيەسى، مۇقاۋا چىلىق ۋە قىزلار ئۈچۈن قول ئىشلەرى ھۈنەر خانالارى داۋام ئېتىدى.

تۆگەرەك، ھۈنەر خانالار مەسئول رەھبەرلەر قاراماغىدا پىلانلى ئۈنۈملى رەۋىشدە ئىش ئالىب بارا ئالىدىلار. تۆگەرەكلەرنىڭ سانىنى كوپەيتىرشدەن كورە سىفەتىنى كوتەرىشكە كوبرەك دىققات ئېتىلدى.

دەرس ۋە قولوب ئىشلەرىنىڭ مۇۋاففاقىيەت بىلەن بارىشغا، پرەگرامە، ئىشلەب چىقارىش پلانلارىنىڭ تولا رەۋشدە ئىشلەنە ئالمىشغا ۋە مېتود ئىشلەرىنىڭ رانسىيانال بارىشغا تسىكل كەمىسيەلەرى ۋە ئوتۇبۇر اسىنىڭ قانداي كەتتەيار دامى تېككەن بولسا، ئوقوچىلارنىڭ عىلمى ئاماندان كوتەرىلەبارىشغا، دەرسلەرگە ئوز ۋاقتىدا قاتناب، ۋەزىفەلەرنى قاناعاتلانۇرلىق دەرەجەدە ئىشلەي بارىشغا ئەكەدىم كەمىسيەنىڭ ھەم شۇنداي كەتتە تەئسىرى بولدى.

## ئىجتىماعى - سىياسى ئىشلەر

ئىجتىماعى ــ سىياسى ئىشلەرىنىڭ بىر قسمى تېخنىكومنىڭ ئوز ئېچىدە بولسا، ئېڭ كوب قسمى تېخنىكومنىڭ تاشقارىسىدا بولىدى. شۇل رايوننىڭ مەدەنى، ئىجتىماعى، ئىقتىسادى ئوسىشىگە ياردام بېرىش شىعارى ئاستىدا باشلانغان بۇ ئىش بىر مۇنچا مۇۋەففاقىيات بىلەن بارماقدا:

3 يىلدان بېرى مەرغىلان، فەرغانە شەھەر ۋە رايون ئوقوتوچىلارىنىڭ بىلىملەرىنى كوتەرىش ئۈچۈن «تۆگەرەك» لەر داۋام ئېتىدرىشدەن تاشقارى، بۇ يىل فەرغانە ماعارف نەزەرەتىنىڭ ئوقوتوچىغا ئېڭ چارقاغان بىر ۋاقتىدا، يېتەرلىك كۆچكە ئېگە، 40 كىشى بىلەن تەئمىنلەندى. بۇلار ئىشچى رايونلارىدا كېچكى ساۋادسىزلىق قورسلارىنى تېگىنلەي ئالىب باردىلار.

فەرغانە شەھەرىدەگى 7 يىللىق ۋە 3 نچى مەكتەبلەرنى تېخنىكومنىڭ ئوقوتوچى ۋە جىھازلارىدان فايدالانىشلارىغا ئىمكانىيەت بېرىلدى. مەرغىلان خاتىن ــ قىزلار تېخنىكومى بىلەن قاتتىق علاقە باغلاب، مەرغىلاندەغى ئاشفچ ئوقۇتۇچىلار تايىارلاش قورسىغا پرەگرەم ۋە ئوقو پلانى حازرلاب بېرىلدى. مۇندان تاشقارى تاق تېپە قشلاغىنى ئاتالىقا ئالىش بىلەن بىرگە، توقۇماچىلىق فەبرىكەسى، چىك قشلاغى، خاتىن ــ قىزلار قۇلوبى بەچكەلەرىنىڭ رەھبەرلىگىنى ئالىب بارىلدى؛ قىزىل عەسكەرلەر بىلەن بەيلەنىش ياسالدى؛ فەبرىك زاۋۇدلاردا، قشلاقلاردا ئىشچى ــ دېھقانلار ئاراسىدا ئېلاتر و، كەنسېرت-

[1]) 1928 نچى يىلغا قادەر تېخنىكوم 3 ئاساسى بىلەن داۋام قىلار ئېدى، 28/29 نچى ئوقوۋ يىلىدە 4 ئاساس قالدى. ع.

لەر قويىب بېرىلدى. بۇتۇن كامپانىيادا، ئاينقسا ئېكن كامپانىياسىدا فاعال رۇشدە قاتناشلدى. شۇل رايونداغى مەكتەب، ئوقوچىلار، ئىشچى، دىيقانلارنى تېخنىكومنىڭ 1928/9 نچى ئوقو يىلىداغى مەحسولاتنى بىلەن تانشـ-
درش تىلەگىدە (بۇ هەر يىلى ئىشلەنەدى) بر هەفتەلك «كور گەزمە» تىلىنماقدا. ئىشچى رايونلاردا تخنىكومنىڭ حسابى مەعروزەسىنى ئوتكەزىشكە حازرلانماقدا، باشقالار.

## ئوقوچىلار كەللىكتىفى

علمى، ئىجتىماعى، تەربىيەۋى ئىشلەرنى تۇيۇ-
شدرشدە، ئۇلارنى ئالب بارشدا ئوقوچىلار تەشكىلاتى، ئاينقسا كەمسەمـوللەر يەچىكەسى جۇدە كەتتە كومەك كورسەتدى: ئەكەدەمىيە، سىياسى ئاقارتىش، خوجالىق، ساغلقنى ساقلاش، تۇرارجاي كەمسيەلەرىگە بولىب ئىشلەگەن ئوقوچىلار تەشكىلاتى ئوزىنىڭ ئىشىدە مۇستاقىل ۋە مەسئولىيەتلى رەۋىشدە ئىش ئالب باردى. تېخنىكومدە ئوزىگە دائر بۇتۇن ئىشكە ئىشتراك ئېتكەنگە ئوخشاش، تېخنىكوم تاشقارىسىدا هەم بىر مۇنچا ئىشلەرنى بەجەردى.

بىتروچىلەرنى ساغلام فكرلى، ئىجتىماعى ئىشلەرگە كونېككەن بولىب چىقشىغا كەفىل بولا ئالدى. يەنگىدەن ئوقۇچىلار قابول قىلش، ياڭلىشلق بىلەن كرىب قالغان چېت عۇنسۇرلەرنى تازالاش ئىشلەرىدە فاعال رەۋىشدە قاتناشدى. كەمسەموللەر يەچىكەسى، ئىستودكوم، كەششاف-
لار فىكرتار قانقوچىسى بولىب «ياش پېدەگوگى» جورنالى، «ياش بازغوچى» «بـول تاييار» گەزىتەلەرى دايىم چىقب تۇردى. دۇرۇست، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ياش پېدەگوگ» جورنالى جۇدە ئاقساب چىقدى. لېكىن بۇنىڭ شۇنداي بوالىشىغا تېخنىچىسكى يېتشمەسلكلەر سەبەب بولدى.

فەرغانە پېد تېخنىكومىدە بر مۇنچا يۇتىقلار بولغانغا ئوخشاش، كەمچلكلەر هەم شۇبهەسز كوبىدر. كەتتە قادەملار بىلەن ئىلگەرىگە قاراب باسماقدا بولغان ئىشچى ـ دېهقان عامماسىنى قاناعات ئېتەدرەرلىك، ئۇنىڭ هەر بر ئىحتىياجىغا تولا رەۋىشدە جاۋاب بېرەرلىك حالغا هەلى تېخنىكوم كېلگەنى يوقدر. تېخنىكومنىڭ ئالدىدا مەسـ-
ئولىيەتلى، ئۇلۇغ ۋە ئاغر ۋەزىفەلەر هەلى قاتارلاشب تۇرادر. بۇلار چىققان كەتتە كۈچلەرنى تەلەب قىلادى. بىراق تېخنىكوم باشلىغىنى، ئۇنىڭ چىدەن ئاياقا باسا باشلاغانىغا ئېندى گىنە بىش بىل تولغانىنى ۋە تېخنىكومـ-
ىدەگى بەعزى بر ئابىيكتىۋ شەرتلەرنى ئېعتبارغا ئالغاندا، حازرغى كەمچلكنىڭ تەبىعىلىگى ئوزـ ئوزىدەن كورىنەدىر.

بېش يىل ئىچىدە ئىشچى ـ دېهقان عامماسىغا 119 لەب قىزىل ئوقۇتوچىلار تاپشرغان فەرغانە پېد. تېخنىـ-
كومى ـ كېلگوسىدە هەم مەملەكەتىمزنىڭ ئىحتىياجىغا تولا رەۋىشدە جاۋاب بېرەدىرگەن مڭلەرچە لېنىنىزم مەفـ-
كورەچىلەرى، ياش پېدەگوگلەر تاييارلاب بېرىشى ۋە كەچىلكلەرىنى يوقاتىشى تۇرغان گەپدر. ع. غائب.

◆◆◆◆◆◆◆

ənçənda tə'lim—tərʙijə qorsь



ortada qors mydiri **hamraqolъf**, ilmij mydir **fazьlьj** və myəllim **ilmiddinif**

# تاشئوكروگ- تەعلىم-تەربىيە تېخنىكومى

ئوزىنىڭ كېڭ قۇچاغىغا ساپ ئىشچى ـ دېهقان بالالارىنى تارتىپ، ئارتىق قىينالىشلار ئاستىدا ياشاغان بىزنىڭ قىزىل بىلىمدانلار تىخنىكومى، بۈگۈن يەنە 29 ئەزىمەت كۈچنى تۈرمىش كۈرەشچىسى قىلىپ حازىرلادى. بۇ 29 لەر گۇرۇهى، قىزىل پىدەگوگلەرگە چانقاق بولىپ يانقان ئوزبېكستاننىڭ قارانغو قىشلاقلارىنى يارتماق ئارزوسىداغى قىگورەلەردىركم، بۇ ئورناقلارغا يۈكلەتىلگەن ئاغىر ۋە مەسئولىيەتلى ۋەزىفەنى بەجەرىشدە تنمەي ئىشلەيدىلەر، شۇ يولدا تېگىشلى فرقاء كەمسەمول تەشكىلاتلارى، مەعارىف مۇئەسسەسەلەرى يەكىنىدە، ئىش مەيدانىغا تاشلانغان يىگىتلەرىمىزگە ياردام ۋە يېتەكچىلىك قىلادىلار.

بۇ يىلغى تىخنىكومنىڭ 4 مەرتەبە ئىش مەيدانىغا ئاتلىغوچىلارى ئۈستىدە بىر ۋاقىعا بولىپ ئوتدى. ئۇ هەم بولسا ئوقوش يىلى تامام بولماسدان تاشئوكروگ- قەشلاقلارىدان بىزگە «پېدەگوگلەر بېرىڭز!» دېگەن حاقلى تەلەبلەر كوپەيە باشلادى. حاتتا تاشكېنتنىڭ كوب قىشلاقلارىدا ئوقوتوچى يوقلىغىدان دېكەبىرگە قادار مەكتەبلەر ئاچىلماغان، ئوقوشلار باشلانماغان، باشلانسا هەم سۇست كېتگەنلەرى بار ئېدى. قىشلاقنىڭ توغرى ۋە حاقلى قىچقىرشلارىغا جاۋاب بېرىلدى: تىخنىكومنىڭ يۇقارى سىنىفلەرى ئوز ۋاقتىدان ئىلگەرى مۇعەللىملىك ۋەزىفەسىگە يۇبارلدىلار، بۇلار هەم هېچ قانداي قارشىلىقسىز ئىش، كۈرەش مەيدانىدە ئوز ئىشلەرىنى ۋە ۋەزىفەلەرىنى بەجەرمەكدەلەر.

بۇكۈنگى كۈندە ئوزىنىڭ 4 ىنچى مەرتەبە مۇۋاففاقىياتى بىلەن 70 لەپ قىزىل پېدەگوكلەر تاييارلاپ بېرگەن تىخنىكومىمىزنىڭ ئىچكى كورىنىشى ۋە ئىچكى حەياتى قۇيىداغىچادر:

عۇمۇمى ئوقۇچىلار سانى 171 تە. بۇلاردان قىزلار 14 تە. فىرقالىلار 3، كەمسەموللەر 138، پيانىرلار 22، فىرقاسىزلار 9 تە. بۇلارنىڭ ئىجتماعى ئەحۋاللارى ئېسە قۇيىداغىچا:

دېهقان 101، كەمبەغەل باتراق 16، ئەشچىلەر 22، خزمەتچىلەر 17، كوستەرلەر 15 تە. مىللى ئايرىمالارى:

ئوزبېكلەر 159، قازاقلار 4، يەهودىلەر 3، تاتارلار 4، ئويغورلار 1 تە.

ئوقوچىلارنىڭ هەممەسى 6 سىنىفگە بولىنىپ 4 تەسى ئاساس، 2 تەسى تاييارلاۋ سىنىفىدىر. سىنىفلەر ئاراسىدان زىۋەنلەر تەشكىل ئېتىلىپ، ۋەزىفەلەر تاييارلاشدا ئاينىقسا تەجرىبە دەرسلەرىدە بىرلەشىپ ئىشلەيدىلەر. پىرەگرەممەنىڭ ئىجراسى ئوتكەن يىلغا قاراغاندا ئەنچە ياخشىلانغان. ئوقوچىلار ئاراسىدا تۈرلى توگەرەك ۋە ئىجتماعى تەشكىلاتلار بولىپ ئوقوچىلارنى عەمەلى ئىشكە ئورگەتەدى. توگەرەكلەردە ئوقوچىلارنى قاتناشىشى يامان ئېمەس. ئىجتماعى تەشكىلاتلاردان باشقا توگەرەكلەرنىڭ ئوزى ئوتگەن يىل 5 تە ئېدى. بۇ يىل 14 تەگە يېتدى.

لېنىنىزم توكەرەگىدە 90، حازىرغى زامان توگەرەگىدە 90، كەمسەمول مەكتەبىدە 50، موخبىرلار توگەرەگىدە 35، بەدەن تەربىيە توگەرەگىدە 40، دىرەم توگەرەگىدە 20، مىللى موزىكەدە توگەرەگىدە 12، فوتو توگەرەگىدە 11، رادىئو توگەرەگىدە 11، كىنا توگەرەگىدە 7، بىرىنچى ياردامدا 50، كۆك كوبلەكدە 14، شاخماتدا 25 ئوقوچى قاتناشادىلار. بۈتۈن توگەرەكلەرنىڭ سانى ئوتكەن يىلغا قاراغاندا 3 مەرتەبە ئاشدى. توگەرەكلەرنىڭ بەعزى رەهبەرلەرىنى ئوقوچىلارنىڭ ئوزلەرىدەن تەعيىنلەنگەن. تىخنىكومدە ياشلار يەچېيكەسى ۋە پىرەفكوم ئەعزالارىنىڭ فىكر تارقاتغۇچىسى بولىپ 15 كۈندە بىر «تاشقىن» ئىسملى دېۋارى گەزىتە چىقىپ تۇرادى. بۇندان باشقا پيانىرلارنىڭ فىكر تارقاتغوچىسى «تاشقىن» قاراماغىدا «قىزىل ئەلەنگە» گەزىتەسى چىقىپ تۇرادىر. شۇ كۈنلەردە «فوتو» گەزىتەسى هەم ئوزىنىڭ 2 ىنچى سانىنى كورسەتە باشلادى. مەكتەب حۇزۇرىدە قىرائەتخانا، لېنىن بۇرچەگى، خۇداسىزلار، شىف، موپىر، ئاسسا ـ ئاۋىياخم، قىزىل ئاي يەچېيكەلەرى ئىشلەپ تۇرماقدا. ئوقوچىلارنى ئىجتماعى ئىشلەرگە تارتىش ئىشلەرىدە مەحەللە مىحنەتكەشلەرى ۋە خاتىن ـ قىزلارى هەم قىشلاق بىلەن عەلاقە قىلدىرش ئىشلەرى بارغان سارى جانلانماقدا.

عۇمۇمەن ئالغاندا، بۈتۈن ئوقۇش يىلى بويىنچا 40 لەپ مەحەللە ۋە قىشلاقلار بىلەن ئوقوچىلار تۈرلى ئىش قىلدىلار. تىخنىكومنىڭ بىنا مەسئەلەسىگە كېلگەندە، يۇقارىداغى مۇۋاففاقىياتلارنىڭ عەكسى كورىلەدىر.

چۇنكى مەكتەبنىڭ كوب سىنفلەرى بايلاردان ئالىنغان
عىمارانلاردا تۇرادىر. بۇ يىلغى ئوقۇش باشلانىشىدا،
بىنالارنى بىر قادر رەمونت قىلدىرىلىب، ئوقۇشلار
ئالىب بارىلدى. ئەلبەتتە بۇتۇن تىخنىكومنىڭ تەجرىبە
كەبىنىتلەرى باينىڭ ئېسكى زەخ عىماراتلارى بولىشىغا
هېچكىم ئىشانمايدىر. مەنە شۇ يىلغى ئوقۇشنىڭ ئو-
زىدە بىر قانچا ئوقۇچىلار رىۋمەتىزم كەسەلىگە دۇچار
بولدىلار. بۇنىڭ سەبەبى شۇكىم، پېچكە ياققان بىلەن
ئىسىمەيدىرگەن بىنالار كوب تەجرىبە ئەسبابلارى كەبىن-
تەجرىبە ئەسبابلارى سىغماغان كەبىنىتلەرگە ئىدارەلەر،
تىخنىكوم ئۇچۇن، بىنا سالىشغا 30:000 سوم پۇل بې-
رىلگەن. عىماراتنىڭ پىلانلارى تەسدىقلەنىب ئىش
باشلاشغا كېلگەندە، بېرىلگەن پۇلدەن 15,000 سومنى
كېسەدىلەر (بېرمەيدىلەر). قالغان پۇل بىلەن تىخنىكوم-
نى تەئمىن ئېتەرلىك سىنفلەر سالىش مۇمكىن ئېمەس،
مەنە بۇ حال تىخنىكومنىڭ كېلگوسى ئۇچۇن توسقىلىق
بولدى. هەم كېلگوسىدە يېتىشوچىلەردەگى ئۇمىدلەرنى
پۇچكە ئۇچىرماندان باشقا نەرسە ئېمەس ئەگەر بۇ

**taşkentdə tə'iim—tərвijə texnikymi**



texnikymni вu jьl вitiriв сьqucьlar həjəti. (ortada (soldan 4—nci) mydir qarь rəhimij, ilmij mydir əhmedif)

نىتلەردە ئىشلەتىلمەسدەن تۇرادىر. ئەلبەتتە بۇنگە بىنا
يوقلىغى سەبەبدىر. مەنە شۇنىڭدىك تىخنىكومدەن
چىققوچى، قىزىل مۇتەخەسسىسلەرنىڭ هەم، تەجرىبەلى بو-
لىشلەرى ئۇچۇن، بوش ۋاقتلاردا تەجرىبە قىلاتۇرغان
كەبىنىتلەرى بولىشى لازم. حالبوكى تەجرىبەلە قىلىش
ئۇياقدا تۇرسىن، دەرس ۋاقتلارىدا تالەبەلەر سىنفكە
سىغمايدىلار. يەنە بۇنىڭ ئۇستىگە مەسكەۋگە 5000
سوملىق تەجرىبە ئەسبابلارى زەكەز قىلىنغان. حازرغى
يىل ئوقۇش مەۋسىمىگەچە سىنفلەر سالىنماسا، شۇل ئېس-
كى عىمارانلارنى تۇزەتىش هەم مۇمكىن ئېمەس. مەنە
شۇنىڭ ئۇچۇن تېگىشلى ئىدارالار، تىخنىكومنىڭ يازغى
مەۋسىمدە بىنا تەكلىگىدەن قوتقازىشلارى لازم بولادىر.
مەنە شۇنداغىنا تىخنىكومدەن ساغلام، تەربىيەلى قىزىل
مۇتەخەسسىسلەر چىقارىشقا يول ئاچىلغان بولادىر.

سابىر يونىس.

◆◆◆◆◆◆◆◆

# تىببىي تېخنىكوم

تۈركىستان خالق مەئارىپ قومىسسارلىقى تامانىدىن 1920 ىنچى يىلىدا تاشكەنتتە بىرلىك خالقدان فىلدىشەرلەر تەييارلاش قۇرسى ئاچىلغان ئېدى. 1924- يىل مىللى چېگەرەلەرگە بۆلۈنگەندىن سوڭ بۇ مەكتەب ئوزبېكستان خالىق مەئارىپ قومىسسارلىقى قاراماغىغا قالدىرىلغان. مانە بۇ تېخنىكوم ئوزىنىڭ 9 يىللىق داۋامىدا ياخشىغىنا ئوسدى. مەملەكەت ئۈچۈن ئېھتىياجنى قاندىرادىرغان قىزىل مۇتەخەسسىسلەرنى بىر نېچچە مەرتەبە چىقاردى. بۇ يىل ھەم بىرقانچا مىلەكىلى ئورتا

taşkentda tьвв texnikym



farmatsьf вolimini вitiriв cьqqucьlar

مەئلۇماتلى تىببىي خادىملارنى خالق ئاراسىغا چىقارىش ئالدىدا تۇرادى.

تېخنىكومنىڭ خازىرغى كۆندە 5 بۆلۈمى بولىب، شۇلاردىر:

1 ــ دايەلىك بۆلۈمى، 2 - پىرەفىلەكتىك بۆلۈمى، 3 ــ فارماتسېفت (دارو تەييارلاۋچىلار) بۆلۈمى، 4 - ئىش تېخنىكە بۆلۈمى، 5 - شەفقەت ھەمشىرەلەر بۆلۈمى.

تېخنىكومنىڭ بۇ يىلغى تەلەبە چىقارىشى 9 يىل ئىچىدەگى چىقارغان تەلەبەلەردەن سان ۋە سىفەت ياغىدىن بىر دەرەجە يۇقارىدىر.

دايەلىك بۆلۈمىدەن 11 تە (6 ىنچى چىقارىش)، پىرەفىلەكتىكە بۆلۈمىدەن 20 تە (بىرىنچى چىقارىش)، دارو تەييارلاش بۆلۈمىدەن 35 تە (3 ىنچى چىقارىش) ھەممەسى بولىب 66 تە كىشى چىقارىلادى. (بۇلارنىڭ 19 تەسى خاتىن ــ قىزلاردىر)

مىللى جەھەتىدەن: ئوزبېكلەر 33، تاتارلار 7، قازاقلار 8، تاجىكلەر، 2، قىرغىزلار 5، تۈركمەن 1، ئويغورلار 2، يېرلى يەھودىلەر 7، قاراقالپاقلار 1 تەدىر.

## تەربىيە ئىشلەرى

يۇقارىداغى مىللەتلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان تېخنىكومدە بۇ كۆنگە قادار مىللى نىزاعلارنىڭ يۇز بېرمەگەنلىگى مەكتەبدە بەينەلمىلەل تەربىيەنىڭ كۈچلى سۇرەتدە قويىلغانلىغىنى ئىسبات ئېتەدىر.

بـۇرنغى ۋاقتلاردا مەعارف قومىسارلىغىدا
ئوتىرغان كىشىلەرنىڭ «تىببى تىخنىكوم خۇسۇسى
دوقتۇرلار يېتىشدىرە تۇرغان جاي» دېب قاراغانلار،
تىخنىكوم تەلەبەلەرى ئېسە، حەقىقەتدە ئوز ئىختساسلارىدان
عامماۋى ئىشلەردە خالقنىڭ قـۇچاغىدا كىرىب ئىشلەش
بىلەن ئوزلەرىنى كورسەتدىلەر. دەعۋامىزنىڭ ئىسباتى
ئۇچۇن بۇ يىلغى شورا سايلاۋى، 8 نىچى مارت، ئېكىن
كامپانىياسى ۋە شۇنداي عامماۋى ئىشلەردە، تەلەبە ۋە
تالىبالارنىڭ مەفتەلەب قىشلاق ۋە مەحەللەردە تەشۋىقات
ئىشلەرىدە يۇرگەنلەرىنى ئېسلەب ئوتەمىز. شۇل يىل
بىلەن تىخنىكوم عامما ئورتاسىدا ئوزىنىڭ قانـداي
خانىن - قىزلار يولىدىنى نولا ئالىب بارش، يېرلى خانىن-
قىزلارنى مۇمكىن قادار كوبرەك جەلب ئېتىشدىر.
كېلگوسى ئوقوۋ يىلىدا تىخنىكوم ئون ياشغاتولادىر.
مەنە بۇ ئون يىل ئىچىدە قانـداي ئاغىر ئەھۋاللاردا
ياشاغانى ئۇچۇن ئىش شەرايىتى قايسى ئـە حۋالـدا
بولغانىنى كورسەتەدۇرگەن فەكتلەرنى كورسەتەمە كچىمىز.
تىخنىكوم مەعلوم بىر بىناغا ئېگە بولماي 4 — 5
جايدا ئايرم سورەتدە ياشاغانى، ياتاق بىلەن ئوقوجاي-
لارى بىربىرىدەن ئۇزاق مەسافەدە بولغانى، بىنالارنىڭ
مەكتەب ئۇچۇن ياراقسز بولغانى بۇنىڭ ئۇستىگە يۇقا-
رىدا ئەيتكەنىمىز، مەعارف قومىسارلىغىدا ئوتـورغان

taşkent tьввы texnikymi



prafьlaktьka вәlimini вitiriв сьqqucьlar

ئېكەننى ۋە كم ئۇچۇن خىزمات قىلماقدا ئېكەننى 2 -
نىچى مەرتەبە ئىسبات ئېتدى. بۇلارنىڭ نەتىجەسىدە
يېرلى خالقدان تىخنىكومگە كىرىشنى ئىستەگۇچىلەر
كوپەيە بارماقدا.
تىخنىكومدە خانىن — قىزلارغا مەخسۇس بىر قانچا
بولىم بولىب، بۇلارغا يالغىز خانىن — قىزلارغىنا قابۇل
قىلىنادىلار. دېمەك تىخنىكومنىڭ بۇنىدەن كېيىنگى ۋەزى-
فەسى يۇقارىداغى ئىشكە كوبرەك ئەھەمىيەت بېرىب
ئورناقلارنىڭ ئەھەمىيەت بېرمەگەنلىكلەرى، خۇسۇسەن
كەبىنت ۋە لابارانۇرىيالارنىڭ يېتەرلىك دەرەجەدە بولماغان-
لىقلارى، ئوقۇش ئىشىنىڭ تەرتىبلى ۋە نولا پىرەگىرمەدە
بارىشىغا كەتتە نۇسقۇنلىق كورسەتدى. شۇنداي بولسا
هــەم تىخنىكوم تەلەبەلەرى ۋە مـۇعەللىملەرى، ئىدارە
باشلىقلارى بىلەن بىرلىكدە تىنىمەي ئىشلەشلەرى سايا-
سىدا، بۇكۇن يۇقارىداغى كەمچىلىكلەرنىڭ يوقالابارايا تقان-
لىغى كورىنەدى.

مەعارىف قومىسارلىغى كېيىنگى ۋاقتلاردا تېخنىكومگە كەتتە ئەھەممىيەت بېرە باشلادى، يەڭى بىنا ئۆچۈن بىر مۈنچا پۇل چىقاردى ۋە شۇنگە توختاش باشقاكەمچىلىك- ئوقوۋ ئەسبابلارى، تۈرلى كەبىنېتلەر، لابارانۇرىيالارنى مۈمكىن قەدار تەكمىللەش چاراسىغا كىرىشىلسىن مەكتەبكە يېرلى خاتىن - قىزلارنى جەلب قىلىشدا مەحەللى مەعارىف

**taşkentda tьввь texnikym**



akuşerkalьq вəlimini вitiriв cьqoqucьlar

لەرنى يوق ئىلىش ئۆچۈن تېگىشلى ياردەملارنى بېرمەكدەدىر.

تىلەگىمىز: تېخنىكومنىڭ ئون يىلىغا تولغانىدا يەڭى بىنانىڭ توگەل بىتكەزىلىشىگە كەتتە ئەھەممىيەت بېرىلسىن. شۆعبەلەردە كېلگۈسى ئوقوۋ ۋاقتىغا قادار يول - يورۇق- لار كۆرسەتىلسىن، مەكتەبنىڭ مۇۋاففاقىيات ۋەكەمچىلىك- لەرىدەن ۋاقت - ۋاقتىدا خابار ئالىنىب تۇرىلسىن.

سىراجىددىن.

◆◆◆◆◆◆◆◆

# ئۆزبېكستان خالق خوجالىغىنىڭ تەرەققىسى ۋە سەناعەت ھەم ئىقتىساد تېخنىكومى

شورالار ئىتتىفاقىنىڭ خوجالىغىنى سەناعەتلەنتىرىش، ھەم سانسىيالىزم ئەساسىدا تەرەققى قىلدىرىش رىجە- لەرىنى بەجەرىش ئۆچۈن فەن ۋە تېخنىكە تاماندان بولغان ئېڭ كېيىنگى ئۇسۇللەرنى بىزنىڭ خالق خوجالىغىنى تۈزىش ئىشىگە ئوتكەزە ئالارلىق عالى ھەم ئورتا دەرەجە مەعلوماتلى مۈتەخەسسىسلەرنىڭ كېرەكلى مىقداردە بولىشى لازىمدىر. لېكىن ھازىر بىزنىڭ خوجالىق ئىشىدا ئىشلەب كېلگەن مۈتەخەسسىسلەرنىڭ سانى جۈدە كەم بولىش بىلەن بەرابەر، ئۇلار تايىيارلىق جەھەتىدەن ھەم جۈدە كېيىندە قالغاندىرلار. مەسەلەن ھازىردا سەناعەتدە ئىشلەب كېلگەن ئورتا دەرەجە مەعلوماتلى مۈتەخەس- سىسلەرنىڭ 39 فائىزى*) تەرتىبلى مەكتەب كۆرمە- دەن ئۆزلەرىنىڭ مەعلوماتلارىنى تەجرىبە يولى بىلەن حاسىل قىلغاندىرلار. بۇ مۈتەخەسسىسلەر يەڭى فەننى ھەم تېخنىكەۋى ئۇسۇلارنى بىزنىڭ سەنعەتىمىزگە ئېرتكەزە ئالماسلىقلارى بىلەن بەرابەر ئۇلار كۆپىنچە مەفكورەۋى جىھەتدەن شورالارغا چېت كىشىلەردىر. شۇنىڭ ئۆچۈن ۋ. ك. پ. (ب) مەركەزقومىنىڭ ئوتكەن يىل

*) ۋ. ك. پ. (ب) مەركەزقومىنىڭ ئوتكەن يىل ئىيول پلېنومى قارارلارىدان

ئىبول ئايىداغى پىلانومى مۇتەخەسسىسلەر تاييارلاش
ئىشىگە ئايرىمچا ئەھەممىيەت بېرىپ ئوزىنىڭ قارارلارىدا
بۇ ئىشنى ئىلگەرىلەشدىرىش ئۈچۈن بىر مۇنچا چارالار
كورگەزىپ كېتكەن ئېدى. ئەگەر شورالار ئىتتىفاقىنىڭ
سەناعەت جەھەتدەن ئىلگەرى كېتكەن جۇمھورىيەت ۋە

ساۋداسى ئۈچۈن كېرەكلى خام ئەشيانى بېتكىزۈچى
ئېلىڭ مۇھىم نېگىز (بازا) لەرىنىڭ بىرىدىر. ئوزبېكستان،
نىڭ سەناعەتى ھەم كوپىنچە قىشلاق خوجالىغى ماھسو-
لاتى بولغان خام ئەشيالارنى ئىتتىفاق سەناعەتى ۋە خا-
رىجى ساۋداسى ئۈچۈن تاييارلاشدان عىبارەتدىر (پاختا



ьqtьsad – sanaat
texnikymi

mal ərgəniş şu'bəsini
ʙitiriʙ cьqucьlar



ьqtьsad—sanaat
texnikymi

kəpirətif ʙəlimini
ʙitiriʙ cьqucьlar

ئۆلكەلەرىدە يېتەرلىك مىقدارىدا مەفكورەۋى ھەم بىلىم
جەھەتدىن قاناعەتلانۇرلىق مۇتەخەسسىسلەر تاييارلاش
زەرۇر بىر ئىشلەردىن سانالسا، بىزنىڭ ئوزبېكستان
ۋە عۇمۇمەن ئورتا ئاسىيا جۇمھورىيەتلەرى ئۈچۈن ئۇل
ئاينىقسا مۇھىم بىر مەسئەلەدىر.

ئورتا ئاسىيا جۇمھورىيەتلەرى، شۇ جوملەدەن ئوز-
بېكستان ھەم، شورالار ئىتتىفاقىنىڭ سەناعەتى ۋە خارىجى

تازالاش، ئىچەك، جۈن يۇۋۇش، پىللەچىلىك ۋە شۇنىگە
ئوخشاش زاۋودلاردان). شۇنىڭ بىلەن بەرابەر ئوزبېك-
ستاننىڭ ئوزىدە چىققان خام ئەشيانى ئىشلەتىش سە-
ناعەتىدە (مەسەلەن كونچىلىك ئىشى) كۈندەن كۈن
تەرەققى قىلىپ بارادىر. يافىنداغى بىر نېچە يىللار ئىچىدە
ھەم ئوزبېكستاننىڭ خالق خوجالىغى شۇ يول بىلەن
تەرەققى قىلسا كېرەك.

شورالار ئىتتىفاقىنىڭ ئىقتىسادىدا ئوزبېكستاننىڭ
بۇقارىدا ئەيتىلىب ئوتكەن ئورنىغا مۇۋافىق ئۇنىڭ
خالق خوجالىغى ئالدىدا قىشلاق خوجالىغىنىڭ فەن ۋە
تېخنىكەنىڭ ئېڭ كېيىنگى ئۇسۇللەرى بىلەن كەللىكتىف-

ьqtьsadь sanaat texnikyminiŋ mydiri



ortaq s. qasьmьf.

لەندىرىش ھەم كەتتە شورا خوجالىقلارى (سافخوزلار)
تۇزىش ۋە ئاساسىدا تەرەققى قىلدىرىش بىلەن قىشلاق
خوجالىغىدان چىققان خام ئەشيانى بىرىنچى دەرەجە ئىش-
لەش، سانائەتنى كوتەرىش ۋەزىفەسى تۇرادىر. بۇ ۋەزى-
فەنى بەجەرىش ئۈچۈن عالى ۋە ئورتا دەرەجە مەعلوماتلى
شورا مەفكورەسىدە تەربىيەلەنگەن يەرلى دېھقان ھەم
ئىشچى خالق ئاراسىدان چىققان مۇتەخەسسىسلەرنى
كېرەك مىقداردا تاييارلاش لازىمدىر.

سانائەت ۋە ئىقتىساد تېخنىكوملەرى ر. س. ف
س. ر. دە خالق مەعارىف كەمىسسەرىيەتى باش پىرافو-
بىرىنىڭ ئىدارالارى بىلەن 1926 ىنچى يىلدا تۇزگەن
ئوقۇش رېجەلەرىگە مۇۋافىق ئىكى ئەساسى ۋەزىفەنى
بەجەرىشكە تېگىشلەر: بىرى ساۋدا ۋە سانائەت ئىدارالا-
رىدا ئىشلەشكە يارارلىق ئورتا دەرەجە مەعلوماتلى
مۇتەخەسسىسلەرنى تاييارلاش، ئىككىنچىسى بىزنىڭ ساۋدا
ۋە سانائەتىمىز ئۈچۈن كېرەك بولغان مال شىناس
(تاۋاراۋېد) لارنى تاييارلاشدىر. مەنە بۇ ئەساسدا تۇ-
زىلگەن ئوزبېكستاندا بىردەن بىر بولغان تاشكەنت
سانائەت ۋە ئىقتىساد تېخنىكومى ئوزبېكستاننىڭ حا-
زرغى ئىقتىسادى تۇزىلىشىدە ئايرىمچا ئەھەممىيەتكە
مالىكدىر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تېخنىكوم ئوزبېكستان خالق
خوجالىغىنىڭ بارىشى جەھەتىدەن ئۇنىڭ ئالدىدا قويىلغان
ۋەزىفەلەرگە ۋ. ك. پ (ب) مەركەزقومىنىڭ قارارلارىغا
ھەم سانائەت ۋە ئىقتىساد تېخنىكوملەرى رېجەلەرىگە
مۇۋافىق قويىلغانمى، دېگەن ساۋال تۇغادىر.



ьqtьsadь sanaat texnikyminiŋ вaş myəssisi 1923—jьldan 29-ьlqaca mydir вolьв kelgən və texnikymniŋ saqajьşьqa kəttə kyc sarf qьlqan saвьq mydir ortaq n. t. vendiktof

تېخنىكومدە ئوقۇچىلارنى ئالساق حازرغى كۇندە
ئۇلارنىڭ 64 فائىزىنى (375 ئوقۇچىدان 240 نەفەسىنى)
يەرلى خالق تەشكىل قىلادىر. عىلمى جەھەتلەرى ئېسە
ئۇلارنىڭ كوبى عالى مەعلوماتلى، بىلىم ھەم تەجرىبە

جەمئىيەتنىڭ قاناعاتلانۇرلىق دەرەجەدە بولۇپ، كوپى ئوزلەرىنىڭ ئوقۇغان فەنلەرىگە لايىق سەناعەت ۋە ئىدارالارىدا ھەلىۋەم ئىشلەپ كېلەدىلەر.

Bitrycilər gyryhidən bir tədə



təçriвə вəlməsidə paxtanь tegşirədilər

تېخنىكومنىڭ ئوقۇتۇش رىجەلەرىگە كېلسەك، تېخنىكوم ئىكى ئەساسى بولۇمگە ئەجرەلىپ، بىرى كەپپەراتسىيە ۋە مالىيە بولۇمى، ئىككىنچىسى مال شىناسلىق (تاۋاراۋىدلار) بولۇمى. بۇ ئىكى ئەساسى بولۇمنىڭ



Bitirgycilər teri zavudьda əməli təçriвə qьlmaqdalar

ئىچىدە ئوزبېكستان ئۇچۇن ئېڭ زەرۇر ئىشچىلەرنى تاييارلاش ماقسادى بىلەن يەنە بىر نېچە بولۇمچە (سېكسىيە) گە ئەجرەلەدىر. مەسەلەن مال شىناسلىق بولۇمى تورتتە ئەساسى سېكسىيەگە ئەجرەلەدى: پاختاچىلىق، چارۋاچىلىق، ئىپەكچىلىك ۋە ياغ چىقارىش سېكسىيەلەرى. مەنە بۇ رىجەلەرنى بەجەرىش يولى ھەم مەكتەب دىۋارلارى ئىچىدە دەرس بېرىش يولى بىلەنگىنە بارماستىن، ئوقۇچىلار تېگىشلىك ئىشخانا ۋە ئىدارالاردا (مەنلوبات، پاختاچىلىق، قىشلاق خوجالىغى، ھۆنەرمەندلەر كەپپەراتسىيەلەرىنىڭ ئىدارالارىدە؛ كون، پاختا، ئىچەك زاۋۇدلارى، ئىپەكچىلىك ئىستەنسەسى ۋە ش. ك.) تەجرىبە كورەدىلەر. بۇ يىل تېخنىكومنى 70 شاگرد تامام قىلىپ، شۇل جۇملەدەن 33 تەسى يېرلىلەردەن ئىشكە ئورنەلەر كېرەك. بۇلار قىسقا مۇددەتدە تېخنىكومنىڭ ئوقوش رىجەلەرىگە مۇۋافىق تېگىشلىك مەعلوماتنى ئالىپ چىقادىلار. بۇ يىل تېخنىكومنى بىرىنچى بىتىرگەنلەر ئوشا بەعزى بىر يېتىشمەسلىكلەر ھەم بولغاندىر. لېكىن بۇ يېتىشمەسلىكلەر تېخنىكومدەن تاشقارى سەبەبلەردەن كېلەدىر. خۇسۇسان بۇ قارىدا ئەينىلىپ ئوتكەن فرقا مەركەزقومىنىڭ پىلىنۇمى تەرەفىدەن كورسەتىلىپ ئوتكەن چارالار ۋە خۇسوسەن



Bitirgycilərı:iŋ kimija kəвinitidə maşqulatlarь

تېخنىكومنىڭ ئىشلەپ چىقارىش ئىدارالارى ۋە كارخانالارى بىلەن عەلاقە باغلاش ئىشىدە كوپ كەمچىلىكلەر سېزىلەر.

ьqtьsad-sanaat texnikymi



Bitirycilər teri zavudьda təçriвə qьladьlər

پىلىنوم، تېخنىكوملەر بىلەن، «ئىشلەپ چىقارىش» ئاراسىداغى عەلاقەنى كۇچەيتىش ئۇچۇن قويىداغى

بوللارنى ئورسەتەب كېتەدىر: «تەخنىكومەلەرنى ئايىرىم ئىرىست ۋە كەتتە سەناعەت ئۆيۈشمالارىغا ۋە كارخانا-لارىغا باغلاش؛ 10 ئايدان كەم بولماغان مۇددەتدە ـ تەلەبەلەرنىڭ كارخانالاردا ئۆزلەمەسدەن تەجرىبە ئو-تەشلەرى؛ «تەجرىبەچىلىك» ئۇسۇلى ئورنىغا تەخنىكوم بىتىرگەنلەرنى تېگىشلىك كارخانالارغا جايلاشتىرىشنى مەجبۇرى قىلىش؛ خوجالىق ئىدارالارى ۋە كەتتە سەناعەت ئۆيۈشمالارى تامانىدان تەخنىكوملەرگە ماددى ۋە مەع-نەۋى ياردام ۋە ھاكەزا...

ھەر قانچا قىيىنچىلىقلار بىلەن بولسا ھەم، بۇ يىل تاشكەنت سەناعەت ۋە ئىقتىساد تەخنىكومى خالىق خوجا-لىقىنى ئۆزىش ئىشىگە ئۆزىنىڭ ھەيسەسىنى بېرەدىر. بۇ ھەيسە ئۆزبېكىستان خالىق خوجالىقىنىڭ ئېرەنقىسى ۋە تەخنىكومنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋەزىفەلەرگە قاراغاندا جۇدە كەم. شۇنىڭ ئۈچۈن تەخنىكوم كېلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئالىپ بارغان ئىشىنى شورالار ھۆكۈمەتى ھەم كەمەو-نىستلەر فىرقاسى تامانىدان كۆرگۈزلگەن يوللار بىلەن ئىلگەرىلەشتىرىلىشە كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ



вitirgycilər laвuraturьjada (kəsəl epək qurtlarьnь mikrəskyв вilən tegşirədilər).

مەنە بۇ قارارلارنى يۈزەگە چىقارىش ئۈچۈن تەخنىكوم ئۆزبېكىستان عالى خالىق خوجالىقى شوراسى، كەپىرەتسىيە مەركەزى ۋە دەۋلەت ساۋدا سەناعەت ئۆ-يۈشمالارى (تىرىستلەرى) بىلەن ھەر قانچا عەلاقە باغ-لاشقا تىرىشىدە، بۇندان كېرەكلى نەتىجە چىقمادى.

ئۆتكەزگەن تەجرىبەسىدەن فايدالانىپ ۋە يۇقارىدا ئېي-تىلىپ ئۆتىلگەن فىرقا مەركەزقومىنىڭ ئىيول پىلەنومى تامانىدان كۆرگەزلگەن يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلەرىنى ئۆزەتىشى تېگىشلىكدىر.

مۇعەللىم: يانبايېف.

۰۰۰۰۰۰۰۰۰۰

# شورا مەتلوبات كەپېرەتسىيەسى

شەھەر ماللارىنىڭ قىشلاققا مۇمكىن قادەر ئار-زانراق كېلىشىگە مۇۋاففاق بولىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بەرابەر، قىشلاق خوجالىقى ماللارىنىڭ نارخىنى بىر تېكىسلىكدە ساقلاشىمىز ۋە ئىشنى شۇندايى قويىشى-مىز كېرەككى، دېھقاننى ئۆز مالىنى (حاسىلاتىنى) سا-تادۇرغان نارخى بىلەن ئىستېعمالچىلار (ئىشچى، فەبرىك، زاۋۇد، كاسىب) ئۇ مالنى ساتىپ ئالادۇرغان نارخ ئور-تاسىداغى فەرق مۇمكىن قەدەر كەم بولسىن.

بۇ ئىشدەگى قۇراللارنىڭ ئېڭ مۇھىملەرىدەن بىرى ـ مەتلوبات كەپېرەتسىيەسىدىر.

ماللارنى ئالىپ ـ ساتادۇرغان خۇسۇسى ساۋدا-گەرلەر، ئىشچى ياكى دېھقانلار مەنفەعەتى ئۈچۈن بۇ ئىش بىلەن مەشغول بولمايدىرلار، ئۇلار باشقا مافساد، باشقا ۋەزىفەنى مۇمكىن بولغانىچا كەتتە فايدا قىلىشنى كۆزدە تۇتادىلار. شۇندايى قىلىپ، ساۋدا قىسمان خۇ-سۇسى قوللاردا بولغان ۋاقىتدا بىزنىڭ نارخ، سىياسە-

ئىمىزنى مۇۋاففاقىيات بىلەن عەمەلگە ئوتكەزە ئالامىز دېب ئويلاشىمىز ھېچ مۇمكىن ئېمەس. خۇسۇسى ساۋداگەرلەر سەناعەت ماللارىنىڭ نارخىنى پەسەيتىرىشكە يارداملاشىش بىر ياقدا تۇرسىن، بەلكى ئېسكەرىسىنچە ئۇنى كوتەرىشكە ھەرەكەت قىلادىلار.

س. س. س. ر. ئىشچىلەر سىنفى ئوزىنىڭ نارخ سىياساتىنى، ئەگەر ساۋدا ئاپپاراتى بىتونلەي ئىشچى–دېھقان قولىدا بولغانداغىنا، يەعنى ئەگەر ساۋدا شورا دەۋلەتى تامانىدان، ياخود كەپېرەتسىيە تەرەفىدەن ئالىب بارىلغانداغىنا توغرى رەۋىشدە عەمەلگە ئاشىرا ئالادى.

خۇسۇسى ساۋدانى جەماعەت ساۋدەسى بىلەن ئالىشتىرىشنىڭ ئەساسى رولى بىزنىڭ شەرايىتىمىزدە فاقات كەپېرەتسىيەدىر. س. س. س. ر. ئىشچى ۋە دېھقانلارى ئالىش ھەم سانىش كەپېرەتىفلەرى ۋۇجودكە كېلتىرىشلەرى بىلەن ئوز دەۋلەتلەرىگە مەملەكەتنى ئىجتىماعى ئەساسدە قۇرۇش ئىشلەرىدە ياردام ئېتەدىلەر.

كەپېرەتسىيە ئوزىنىڭ بۇ ۋازىيفاسىنى قانداي بەجەرمەكدە؟

قۇيىداغى رەقەملەر بۇ سەۋالگە جاۋاب بېرەدى.

### مەملەكەتنىڭ مال مۇعامەلەسىدە (ئاباروتىدا) كەپېرەتسىيەنىڭ رولى.

| ئۇلگۇرجى ساۋدادا | 1923—24 | 1926–27 |
|---|---|---|
| كەپېرەتسىيە | 26,1% | 50,5% |
| دەۋلەت ساۋداسى | 52,1% | 45,5% |
| خۇسۇسى ساۋدا | 21,8% | 4% |
| **چەكەنە ساۋدادا** | | |
| كەپېرەتسىيە | 30,1% | 54,3% |
| دەۋلەت ساۋداسى | 11,3% | 15,7% |
| خۇسۇسى ساۋدا | 58,6% | 30% |

بۇ راقاملاردان شورا كەپېرەتسىيەسىنىڭ خۇسۇسى سەرمايانى ساۋدا مەيدانىدان سىقىب چىقارا بارغانىنى كورەمىز. كەپېرەتسىيەنىڭ ئەھالىنى مال بىلەن تەئمىن قىلىشداغى ھىسسەسى يىلدان – يىل كوپەيمەكدە. ھازىر، ئېندى، كەپېرەتىفلەر س. س. س. ر. دە ئىلىك كۇچلى ساۋدا تەشكىلاتى ھالىغا كېلدى. خۇسۇسى ساۋداگەرنىڭ شورا كەپېرەتسىيەسى تامانىدان بۇتۇنلەي يېڭىلىشىگە، كەپېرەتسىيەنىڭ ئېسە مەملەكەتدە سانسىيالىزم عامىلى بولىشىدان باشقا بىردەن – بىر ساۋدا ئاپپاراتى بولىب قالىشىغا كوب ۋاقت قالمادى.

## ئىشچى سىنفىنىڭ ھەقىقى خىزمات ھاقى قىيماتىنى كوتەرىشدە مەتلوبات كەپېرەتسىيەنىڭ رولى

كەپېرەتسىيە، ئىشچى سىنفىنىڭ قىشلاق توغرىسىداغى سىياساتىنى عەمەلگە ئاشىرىشدا قانچا كەتتە ئەھەممىيەتكە ئېگە بولسا، ئۇل ئەنچە كوب مىقداردا سەناعەت ۋە قىشلاق خوجالىغى مالى ئىستېعمال قىلادۇرغان ئىشچىلەر ئۇچۇن ھەم شۇنچە ئاھەممىيەتكە مالىكدىر.

ساۋدا قىلاتۇرغان تەشكىلاتلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىشلەشى ئىشچىنىڭ ھاقىقى خىزمات ھاقى دەرەجەسىگە تەئسىر قىلادى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئەگەر ئىشچى، ساۋدا قىلادۇرغان تەشكىلاتلار تامانىدان ئۇنىڭ مەنفەعەتىگە ئىشلەنىشىنى ئىستەسە، ئۇل كەپېرەتىف ساۋداسىنى تەشكىل قىلىشدا دېھقانىنىك ئىشتىراك ئېتېشى ۋە ئۇنىڭ رېۋاجلانىشىغا ھەر تامانىدان ياردامدا بولىشى لازىم.

كەپېرەتسىيە ئىشچى عائىلەسىنىڭ ئىستېعمال ئىختىياجىغا شۇنداي خىزمات قىلىشى كېرەككى، ئىشچى عائىلەسى ئارزان نارخ بىلەن ياخشى نەۋع مال ئالىش ئىمكانىيەتىگە ئېگە بولسىن. شۇنداي قىلىب، ئىشچى كەپېرەتسىيەسى ئىشچىنىڭ ھاقىقى خىزمات ھاقى دەرەجەسىنى كوتەرەدى ۋە ئىشچى عائىلاسىنىڭ ئەكس ھالدە خۇسۇسى ساۋداگەرگە ئاشىق تولەگوسى پۇلنى ئوز يانىدا قالدىرىشىغا سەبەب بولادى.

ئىشچىلەر كەپېرەتىفى، ئەگەر ئۇل شەھەر ياكى فەبرىك-زاۋود ئىشچى خالقىنىڭ ئىستېعمال ئىختىياجلارىنىڭ ئەنچە قىسمىنى تەئمىن ئېتسەگىنە، ئىشچى عائىلەسىنىڭ ھاقىقى خىزمات ھاقىغا چىنەكەم تەئسىر قىلا ئالادى.

ئەگەر ئىشچىلەر كەپېرەتىفى گوشت، سەبزاۋات بىلەن ساۋدا قىلماسا، ئەگەر ئىشچى خالقىنىڭ ئانىغا بولغان ئىختىياجىنى فاقات ئازغىنا تەئمىن ئېتسە، بۇنداي كەپېرەتىف بۇ خالقىنىڭ ئىستېعمال ئىختىياجلارىغا تېگىشلىك رەۋىشدە خىزمات قىلا ئالمايدى ۋە ئىشچى عائىلاسىنى ئۇنىڭ خۇسۇسى ساۋداگەر تامانىدان ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىدان سالاي ئالمايدى.

## يەكّى كاممونىست تۈرمۇشى ئۈچۈن كۈرەشتە مەتلوبات كەپپەرەتسىيەسىنىڭ رولى

شورا مەتلوبات كەپپەرەتسىيەسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپەلەرى، يەنە تۈرمۇش ئىشلەرىنى رىۋاجلانتىرىش: ئېسكى تۈرمۇش ۋە خۇرافاتلار بىلەن كۈرەشىش ھەمدە يەكّى كاممونىست تۈرمۇشى تۈزۈش يولىدا ئىش ئالىپ بارىشدىر. شۇ ۋەزىپە جۈدە قىيىن ۋە بەجەرىلىشى ئۈچۈن كوپ ۋاقىتلار تەلەپ قىلادى، چۈنكى بىزنىڭ تۈرمۇشىمىز خالق خوجالىغى مۇستەھكەملەنگەن ۋە ئۇنىدا ئىجتىماعى باشلانغىچلار رىۋاجلانغان سەرىگىنە يەكّى ئەساسلەرگە — يەكّى يولغا ئوتەدى.

كەپپەرەتسىيە ساۋادنى عۇموملەشتىرگەنى ۋە دىھقان خوجالىغىنى توغرىدان — توغرى سەناعەت بىلەن باغلاغانى ھەمدە بۇ خوجالىقلارغا كەللىكتىۋ عۇنسۇرلەرىنى كىرگىزگەنى سەبەبلى يەكّى تۈرمۇشىنىڭ رىۋاجلانىشىغا ئومەكلەشەدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەتلوبات كەپپەرەتسىيەسىنىڭ تۈرمۇش ئىشلەرى، ئاشخانالار، نانۋايخانالار، كىربۇيۇش جايلارى، باللار باقچالارى، يەسلەلەر، ياماق ئۇستاخانالارى ۋە باشقالار ئاچىش يولى بىلەن مېھنەتكەشلەر ئېلىك باشلاپ ئوز ئەعزالارىنىڭ تۈپ خوجالىق ئىختىياجلارىغا خىزمات قىلىشىدان عىبارات بولىشى لازىم.

ئۇشانداي مۇئەسسەسەلەر ئاچىش ئېلىك ئالىدىن ئىشچى ۋە دىھقان خاتىن — قىزلارى ئۈچۈن مۇھىم، خاتىن — قىزلارنى ئاغىر ئۆي قۇللىغىدان ئازاد ئېتەدى ۋە ئۇلارنى فاقات قانون بويىنچاغىنا ئېمەس، بەلكى ھاقىقاتان ھەم ئېركەكلەر بىلەن بەرەۋەر قىلادى.

## ئاھالىنىڭ ئوز سارماياسىنى جەلب قىلىش

يۇقارىدا كورسەتىلگەن ۋەزىپەلەرنىڭ ھەممەسىنى مۇۋاففاقىيات بىلەن بەجەرىش ئۈچۈن كەپپەرەتسىيەگە كوپ سەرمايەكېرەك بولادى. كەپپەرەتىپلەر فاقات يېتەرلىك مىقداردا سەرمايەگە ئېگە بولغانىداغىنا ئاۋقات نەرسەلەرى ساۋداسىنى يولغا قويا ۋە تۈرمۇش ئىشلەرىنى كۆچەيترە ئالادى.

كەپپەرەتسىيە بۇ سەرمايەلەرنى بىرىنچى نەۋبەتدە خالقنىڭ ئوزىدەن توپلاشى لازىم. ھازىر كەپپەرەتسىيەنىڭ ۋەزىپەسى ئىشچى ۋە دىھقانلاردان پەي پۇللارى توپلاشنى كۆچەيتىرىش، ھەمدە ئامانەتلار قابول قىلىش يولى بىلەن خالقنىڭ بوش ياتقان سەرمايەلەرىنى جەلب ئېتىشنى يولغا قويىشدىر.

خالقنىڭ ئىختىيات قىلىپ قويغان سەرمايەلەرنىڭ كەپپەرەتسىيە تامانىدان جەلب ئېتىلىشى عۇمۇم دەۋلەت ئەھەممىيەتىگە ھەم ئېگە. كەپپەرەتسىيەدە بۇنىداي سەرمايەلەر قانچا كوپەيسە، ئۇل (كەپپەرەتسىيە) دەۋلەتنىڭ پۇل ياردامىغا ئوشەنچە كەم مۇختاج بولادى. بۇ ئېسە دەۋلەت ئىلگەرى جەماعەت ساۋداسىنى مۇستەھكەملەش ۋە رىۋاجلانتىرىش ئۈچۈن سەرف قىلغان سەرمايەلەرىنى مەملەكەتنى سەناعەتلەش ئىشىگە مەۋجود فەبرىك ۋە زاۋودلارنى قايتادان ئۇسكۈنەلەشتىرىش ھەم يەكّى زاۋود — فەبرىكلەر سالىش، تېمىر يوللار ئوتكەزىش، ئېلېكتىر ئىستەنسەلەرى تەشكىل ئېتىش ۋە شۇنىڭ سىنىگەرىلەرگە خەرج قىلىش ئىمكانىگە ئېگە بولادى دېمەكدىر.

## خالقنى كەپپەرەتىفلەشتىرىش ۋە كەپپەرەتىف جەماعەتچىلىگىنى رىۋاجلانتىرىش.

ۋىلادېمىر ئېلىيا ئوغلى لېنىن ئوزىنىڭ بىر ئەسەرىدە — : «بۇتۈنلەي كەپپەرەتىفلەشتىرىلىش شەرايىتىدە، بىز ئېندى ئېكى ئاياغىمىز بىلەن ئىجتىماعى زەمىندە تۈرغان بولار ئېدىك» دېپ يازادى.

مېھنەتكەشلەرنىڭ يەكّىدەن — يەكّى مايالارىنى ئوز قاتارىغا جەلب قىلىش — كەپپەرەتسىيەنىڭ تۈپ تەشكىلى ۋەزىپەسىدىر.

مەتلوبات كەپپەرەتسىيەسى ئەعزالارىنىڭ سانى يىلىدان — يىل ئوسمەكدە ۋە 25 مىليون كىشىگە يېتەدى. بىراق، كەپپەرەتسىيە ئەعزالارىنىڭ سانى قانچا كەتتە بولسا ھەم، ھەلى ئۇل، ئايىنىقسا بىزدە — ئورتا ئاسىيادا، يېتەرلىك ئېمەس. مەتلوبات كەپپەرەتسىيەسىدە ھازىرغاچا دىھقان ئۆي خوجالارىنىڭ فاقات 35 پىرەسەنتىگە ۋە كەسەبە سايوزى ئەعزالارىنىڭ 60 پىرەسەنتىگە ياقىنىغىنا ئىشتىراك قىلادى.

شورا كەپپەرەتسىيەسى كەپپەرەتىفلەشتىرىش ئىشىنى دەۋام ئېتتىرىشى ۋە كۆچەيتىرىشى لازىم.

قىشلاق كەپىرەتسىيەسىنىڭ ياقىن ئورتاداغى
ۋەزىپەسى — بۈتۈن دېھقان خوجالىقلارىنى كەپىرەتىف-
لەشتىرىشتىر؛ ئىشچى كەپىرەتسىيەسىنىڭ ۋەزىپەسى
ھەم — كەسەبە سايوزى ئەعزالارىنىڭ بۈتۈن 100
پىرەسەنتىنى كەپىرەتىفلەشتىرىشتەن عىبارەتتىر.

ۋ. ئى. لېنىن بۈتۈنلەي كەپىرەتىفلەشتىرىش توغ-
رىسىدا گەپىرگەندە عاددى رەۋىشتە كەپىرەتىف ئاع-
زالىقىغا يازىش ۋە رەسمىيكىنە ئاعزالىقنى ئېمەس، بەلكى
ئۆزى ئەيتكەندېك — «ھاقىقى خالق عامماسىنىڭ
ھاقىقى رەۋىشتە ئىشتىراك ئېتىشى»نى كوزدە توتتى.

مەتلوبات كەپىرەتسىيەسى پەيچىلەرىنىڭ بۈتۈن
ئاھالىغا نىسبەتەن $^0|_0{}^0|_0$

| | 1926 نچى يىلدا | 1927 نچى يىلدا |
|---|---|---|
| ئىشچى-شەھەر خالقى | $46^1/_2$ | 51% |
| يۇك يۈرتوچىلەر | 75,5% | 86% |
| قىشلاق خالقى | 30% | 39% |

كېڭ مېھنەتكەش عامماسى ھاقىقاتان كەپىرەتىف
تەشكىلاتلەرىنىڭ ئىشلەرىگە يول كورسەتىب ۋە سايلاب
قويلغان ئىدارالارىنىڭ ئىشلەرىنى تانقىد قىلىب، ھەم
كەپىرەتسىيەنىڭ كۈندەلىك ئىشلەرى ئارقاسىدان كۈزە-
تىب تۇرسالار ھەمدە ئۇل ئىشلەردە ئۆزلەرى ھەم
ئىشتىراك ئېتسەلەر، ئەنە ئوشاندىغىنا ھاقىقاتان كەپىرە-
تىفلەشتىرىش بولادى.

مەتلوبات كەپىرەتسىيەسىنىڭ ۋەزىپەسى، قەيچىنى
ھاقىقاتان ئوز كەپىرەتىفىنىڭ خوجايىنى قىلىشتىر.
كەپىرەتسىيە عۇمۇملەشتىب خوجالىق قىلىش ئىشىدە
كېڭ مېھنەتكەش عامماسىغا مەكتەب بولىشى لازىم.
سانسىيالىزىمغا ئالىب بارانۇرغان كەپىرەتسىيەنىڭ
ئېڭ كەتتە ئەھەممىيەتى مەنە شۇندا.

## كەپىرەتسىيە ۋە مەدەنى ئىنقىلاب

كەپىرەتسىيەنىڭ فاعال ئەعزا — پەيچىلەرى فا-
قات ئۇلار شورا كەپىرەتسىيەسىنىڭ ۋەزىپەلەرىنى تۈ-
شۈنگەنلەرى ۋە كەپىرەتسىيەنىڭ ئىشىنى قانداي ئالىب
بارغانىنى ھەم قانداي ئالىب بارىشى لازىملىغىنى
بىلگەنلەرىدەگىنە مۇۋاففاقىيەتلى ۋە كەتتە نەتىجەلى
ئىش قىلا ئالادىلار. فەعال ئەعزا — پەيچىلەر كەپىرە-
تىف ساۋادىغا ئېگە بولىشلارى لازىم،

«ھەممە ساۋادلىق بولماغاندا، ھەممە يېتەرلىك دە-
رەجەدە تۈشۈنمەگەندە، خالقنى كىتابدان فايدالانىشقا
يېتەرلىك دەرەجەدە ئۆرگەتىلمەگەندە . . . . ، —دېدى
ۋ. ئى. لېنىن، — بىز ئوز مەقسەدىمىزگە ئېرىشە ئالمايمىز».

كەپىرەتسىيە ئوزىنىڭ ئاقارتىش ئىشلەرىنى كېڭەي-
تىرىشى لازىم. كەپىرەتىفنىڭ خالق ئورتاسىدا كەپىرە-
تىف كىتابلارى، گەزېت ۋە جورناللارى تارقاتىشقا كوپ-
رەك ئەھەممىيەت بېرىشى، كوبرەك لېكسىيە، مۇساھەبە
ۋە ئەدەبى كېچەلەر ئوتكەزىشى، توگەرەك، بۇرچەك،
كىنا ۋە رادىيو بۇرچەكلەرى شاخابچالارىنى ھەم شۇ-
نىڭ سىنگەرىلەرنى كېڭەيتىرىشى لازىم.

كەپىرەتسىيە، باشقا شورا ۋە جەماعەت تەشكىلاتلەرى
بىلەن بىر قاتاردا «مەدەنى ئىنقىلاب» ئۈچۈن كۈرەشدە
فەعال ئىشتىراك ئېتىشى لازىم.

ئا. پىرمىنىف.

## بۇخارا مىللى موسىقاسى توغرىسىدا

بۇخارا مىللى مۇسىقاسىنىڭ تۈزىلگەنىگە بۇ يىل
8 يىل بولادى. ئاساسان شۇ دەۋر ئىچىدە بۇ مىللى
مۇسىقا مەكتەبى ۋە ئۇنىڭ سەنعەت قۇراللارى، ئوز
باشىدان عۇمومەن ئالغاندا ئۈچ دەۋرنى كېچىرگەنلەر.
بىرىنچى دەۋرى- بۇخارا خالق شورالار جۇمھورىيەتىدەن
ئارتىب مىللى ۋە مۇلكى چېكەرەلەنىش كۈنىگەچە بولغان
دەۋردىر، كىم بۇندا مىللى مۇسىقا كوپىنچە بۇخارا ھوكو-
مەت ئەربابلارىنىڭ كەيف-سافاسى ئۈچۈن ئىشلەب
كېلدى، كىم بۇ دەۋر تاراققى تاماندان ئۇنچا ئەھەممىيەتكە
مالىك ئېمەستىر.

بۇخارادا مىللى مۇسىقانىڭ ئىككىنچى دەۋرى-مىللى
ۋە مۇلكى چېكەرەلەنىش كۈنىدەن ئارتىب 26/24 ىنچى
يىللارغاچا بولغان دەۋردىر. بۇ دەۋردە بۇ مەكتەبكە كىر-
گۈچىلەرنىڭ ئەكسەرى شۇ مەكتەبدە ئوقوب كېلەسىدە
چايخانالاردا «پۇل ئىشلەيمەن» دېگەن ئاساسنى ئوزىنىڭ
ئاساسى مەسلەگى ھىسابلار ۋە مىھنەت ئاھالىسىنى مو-
سىقى ۋە سەنعەتتەن فايدالانىرشنى قاتعىيان ئويلا-
ماس ئېدى.

ئۈچىنچى دەۋرى ھازىرغى دەۋردىر. بۇ دەۋردە
بۇخارا مىللى مۇسىقاسى قىسمانغىنا بولسادا سىنفى

ۋە عىلمى ئوزگەرىشكە مالىكدىر. بۇ دەۋر دەسلەپ ئونىپىش نەفەر يات عۇنسۇرلەرنى ئوز ئىچىدەن چىقاردى. عىلمى مۇۋاففاقىيەتلەردان «شەشماقام» نىڭ نوتاغا ئالىنىشى ۋە قىسمان مەكتەبدە ئاسمانى نوتا ئاساسىدان ۋاز كېچىب، ھاقىقى نوتا ئۇسۇلىگە كوچىشنى كورسەتسەك بولادىر.

بۇ يىل مەكتەب 15 كىشىنى مۇعەللىم قىلىب چىقارادىر. سوز ئاراسىدا بۇنى ھەم ئەيتىب كېتىش كېرەككى، مەكتەب بىر گىنە موسىقى تامانىدان ئېمەس، بەلكى ئىجتىماعى تەربىيە ئىشلەرى بىر قانچا ئالدىن كېتكەندىر. لېكىن بۇ بىلەن گىنە قاناعەتلانىب ھەممە نەرسەمىز جايىدا ئېكەن دېب ئولتورىش مۇمكىن ئېمەس. چۈنكى بۇنداي كىچىك ئوزگەرىشلەر بىلەن ئۇزاققا بارىب بولمايدى.

بۇ مەكتەبنىڭ مىللى مۇسىقىسى دەۋرى ئىھتىياجىنى ۋە تىلەگىنى قانىقتىرا ئالماغانلىغى ياشىرىن سىر ئېمەس.

تاشكەنت مۇسىقا مەكتەبىدە پىرەگىرەم ۋە ماقاملاردا بىر مۇنچا مىھنەتكەش خەلقنى تەلەب ۋە ئىھتىياجىغا مۇۋافىق ئوزگەرىشلەر بولغان بولسادا، بۇخارا مۇسىقىسىدا بۇلاردان ھېچ بىر ئەسەر يوقدىر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېلگۈسى ئوقۇش مەۋسىمىدە بۇ مەكتەبنىڭ پىرەگىرەممەسىگە قىسمان ئوزگەرىش كىرگىزىش لازىم بولادىر.

بۇلاردان باشقا بۇ مەكتەبنى فاقات مۇسىقاۋور گەنىش ئەساسىدا ئىگىنا قالدىرماي، ئۇنى عىلمى ۋە فەننى ئاساسغا قۇرىش ئۈچۈن ھەم ئەھەممىيەت بېرىش كېرەكدىر، كى بۇ ئۈچۈن بىردەن بىر چارا مەكتەبنىڭ كېلگۈسى ئوقۇش مەۋسىمىدە - بودجەنى ھازىرغىدىك 14 مىڭ سوم گىنە قىلماي ئارتتىرىش، سىياسى، ئىجتىماعى، فەننى دەرسلەر كىرگىزىش؛ ياۋروپا قۇراللارىنىڭ كوبلەرىدەن قىسمان فايدالانىش، قالىلى چالغۇچىلار بولىمى ئاچىش ۋە باشقا بىر دۇرۇستىراق بىناغا كوچىش يوللارىنى بەلگىلەش مەتلوبدىر. بۇ جايدا شۇنى ھەم قوشىش لازىمدىر، كى بۇخارادا مىللى موسىقا ھازىرغى كۈنگە قادار قىشلاقتا ياناشالغان ئېمەس، بۇ كەمچىلىككە ھەم ناھايات بېرىش زەرۇر. شۇنىڭ سىڭەرى ھازىردا بۇ مەكتەبدە خاتىن - قىز ھەۋەسكەرلەرى جۇدە كەمدىر (فاقات ئالتى كىشى). كېلگۈسى ئوقۇش مەۋسىمىدەن باشلاب خاتىن - قىزلار ئۈچۈن ھەم ھەۋەسكەرلەر بولىمى لازىمدىر.

بۇ يىل تامام قىلانۇرغان تەلەبەلەرنى سەياھەت تەرىقەسىدە تاشكەنت ۋە باشقا مىللى مۇسىقا مەكتەبلەرىگە يۇبارىب ئۇ يېردەگى ئۇسۇل ۋە ئوزگەرىشلەر بىلەن ئۇلارنى تانىشتىرىش ۋە شۇ ئۇسۇلنى كېلگۈسى ئوقۇش يىلىدا ئوز يېرىمىزدە ھەم تاتبىق ئېتىش زەرۇردىر. ماقالامىزنىڭ خۇلاسەسىدا ئوكروگماعارىف ئىدارەسىنىڭ رەھبەرسىزلىگى، مىللى مۇسىقا مەسئەلەسىگە بارماق ئاراسىدان قاراشىنى ئەيتمەسدەن ئوتىش مۇمكىن ئېمەسدىر. بۇ كەمچىلىككە ھەم خەتم بېرىش ئۈچۈن ۋاقت يېتدى دېب ئويلايمىز.

ماۋلان شاكىرف

بۇخارا

# عالى ئىنستىتۇت قۇچاغىغا!

بىزدە عالى ئوقۇش يۇرتلەرىگە ئوقوچىلار مايەسى تايارلاش، ئوزبېكستاندا عالى تەعلىم - تەربىيە ئىنستىتۇتى تەئسىس قىلىنغاندان كېيىنگە باشلاندى.

خوجالىق ۋە ساناعات قۇرىلىشىمىزدا يىلدان - يىل كەتتە ئادەملار بىلەن ئىلگەرىلەش، ئورتا ۋە عالى ئىختىساسغا ئېگە بولغان كۈچلەرنى يىل سايىن تەلەب قىلىب تورادىر. مەنە شۇنداي زور تەلەبنى ئېعتىبارغا ئالىب، مەعارىف قومىسسارلىغى ئوزبېكستاننىڭ كەتتە - كەتتە شەھەرلەرىدە ئېكسترنەت يولى بىلەن عالى مەكتەبلەرگە ئوقوچىلار يېتكىزىش ئىشىنى ئالغا سۈردى. ئوتكەن يىلدان باشلاب بۇ ئىش عەمەلگە ئاشىرىلدى؛ تاشكەنت، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلەرىدە داۋام ئېتىب، 7 - 8 ئاي بەدەلىدە ئىنستىتۇتقە ئەنچە كىشىلەر تايارلاب بېردىلەر.

بۇ يىل ھەم يۇقارىداغى ئېكسترنەتلەر ئوز نەھەسىللەرىنى تۈگىتىب، ئىنستىتۇت قۇچاغىغا ئوزلەرىنىڭ مېۋەلەرىنى ئۇزاتىب تورادىرلار. شۇلاردان سەمەرقەنت ئېكسترنەتى بۇ يىل 20 تە كۈچ تايارلاب چىقارادىر. بىر داۋاندان ئاشقان بۇ ئەزەمەتلەرنىڭ 5 تەسى فىرقە ئەعزاسى بولىب، 9 تەسى كەمسەمولدىر. بۇلاردان ئوزبېكلەر 12 تە، تاجىكلار 7 تە، ئازارى تۈرك بىتتەدىر.

سەمەرقەنت ئېكسترنەتى ئاساسان 3 گورۇپپە (I، II، III) بولىب، بۇندان I ۋە II ىنچى گورۇپپەلەرى بىر يىللىق، III ىنچى گورۇپپەسى 2 يىللىق، بۇلاردا ھەممەسى بولىب، 60 ئوقوچى داۋام قىلدى.

ئېكستېرنەت ئوتكەن يىلداغى مەنفى تەجرىبەلەردەن ساباق ئالىب بۇ يىل كوب كىنە ياخشى نەتىجەلەر چىقارا بىلدى ئەۋۋەلگى ئوقوچىلار ئاراسىدا دەرسكە داۋامسىزلىق، ئوقۇۋ ئىشلەرىگە يىنگىل قاراش كەبى كوب كەمچىلىكلەر، شونىڭدىك ئوقوتوچىلار ئاراسىدا هەم پرەگىرەممەنى ۋاقت بىلەن موۋازى رەۋىشدە ئالىب كېتەلمەسلىكلەر كورىلگەن ئېدى. بۇ يىل ئېسە ئەنە شۇنداي نۇقسانلارغا بەرهەم بېرىلدى. مەنە شۇنىڭ نەتىجەسىدە ئېكستېرنەت ئوزىنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىيفەسىنى (پىرەگرەممەنى) تۈگەل سۈۋرەتدە بەجەردى.

ئاراسىدا بولغان كەمسەمول ئەعزالارىنى شۇ بېردەگى تەعلىم ـ تەربىيە ئىخىنىكومىنىڭ يەچېكەسىگە باغلاندى. پىرەفكوم ۋە ئوقۇۋچىلارىنىڭ ناشر ئەفكارى ئېتىلىب هەر ئايدا بىر «قىزىل پېدەكوگ» ئىسمىدە سىياسى، ئىجتىماعى، ئەدەبى ۋە ئەنقىدى دېۋارى گەزىتەسى چىقارىب تۇرىلدى.

عۇمۇمەن ئەيتكەندە، بۇ يىل ئوقۇۋچىلار ئىجتىماعى ئىشلەردەن ئارقادا قالمادى. ئېكستېرنەتنىڭ ئوزى ئېسە، ۋەزىيفەسىنى بېجىرىم بەجەرىب تەحسىلىنى تۈگەتدى ۋە عالى تەعلىم ـ تەربىيە ئىنىستىتۇتى قۇچاغىغا 20 نە ياش عەزەمەتنى هەر ياقدان يېتىشدىرىب بېرە ئالدى. بىراق



samarqand ekistirnətni вitiriв, вu jьl alьi məktəвlərgə yzətilgyci,ikyclər.
(ortada myəllimlər: 1-tarasьf 2-əhmedif, 3-əzizif, 4-вatьr).

ئوقۇۋچىلار ئاراسىدا ئوتكەن يىلداغى كەمچىلىكلەردەن بىتەسى ئېكستېرنەت ئىچىدە ئىجتىماعى تەشكىلاتلارىنىڭ يوقلىغى ۋە ئوقۇۋچىلارنىڭ ئىجتىماعى ئىشلەردەن ئارقادا قالىشى ئېدى. بۇ يىل بۇنداي كەمچىلىكلەرگە هەم يول قويىلمادى. ئېكستېرنەت قاشىدا عەلاحىدە پىرەفكوم تەشكىل ئېتىلدى، هەر ئون بېش كۈندە بىر دېگۈندەي، ئوقۇۋچىلارنىڭ عۇمۇمى مەجلىسلەرى ئوتكەزىلىب، ئۇندا ئوقۇش ۋە ئوقۇتىش ئىشلەرىدە ئۇچرەلگەن كەمچىلىكلەر مۇحاكەمە قىلىنىب تۇرىلدى. بۇندان باشقا ئوقۇۋچىلار

بۇ، عۇمۇمى ئىحتىياجىمىزنىڭ جۇزئى قىسمىنى قاپلاي ئالادى. ئوزبېكىستان دايىراسىدا ئاچىلغان بۇنداي ئاشىغىچ قۇرس ـ ئېكستېرنەتلەر 100 ــ 60 لەب ئوقوچى بېرگەن حالدا عۇمۇمى ئوسىش ۋە يۇكسەلىشىمىزگە نىسبەتەن جۇدە ئازدر. بىراق ئىشچى ـ دېهقان بالالارىدان عالى بىلىم يۇرتلەرىگە ئىستۇدېنتلەر تايىيارلاب چىقارىش ۋە بۇ يول بىلەن پىرەلتەرىيەت مەدەنىيەتىگە ئاساس ۋە پايدېۋار سالىش، سانسىيالىزم قۇرىش ئۇچۇن كەتتە گەرەۋدر.

ئېكستېرنەت: رەحىم تۇرغىن.




sacma

# tolqun

(10 jьlƣa)

өktəвir alavlarь—
ьnqьlaв deꞑizi—
vulqanlar qajnaƣan caqlarda...
tolqunlar...
tarьxdan jəꞑi varaqlar acar.
hər janda nyrli şy'lələr—
xandan etiв ojnajdьr.
deꞑizdə kөpyrgən,
ojnaşqan вu ojnaqь
vьqar—
вilim cəşməsidən aqar...
hər anda ymid ucqunlarь!
вaxt jaƣdularь—
inçyli şy'lələr
tarьxnьꞑ вu altьn varaqlarьda
qьzьl nyrlər ojnaşьв
tolqunlar acar.

—

вu təntənə erk ucqunlarь
taşqьnlar atьв
— uzaq ymid вaƣlarьƣa
jalqьnlar sacadь...
kyrəş minвəridə
zəfər nьdalarь
əвədij şe'rlər toqujdь.
вarlьq ьnqьlaв julduzi ceksiz ilgəri
parlajdь.
uzaq kəmmynizim ylkələrigə
segnəllər вergən
ordular вilən
qьzьl qumandan вergən
qьzьq qanlь... jaş
вatьr jolcьlarnь
mehnət qahramanlarь qьlьв canqaƣan
uzaq jyrtlərgə şadlьq nyrilə
uzatar.

jəꞑi həjat вaƣrьda kəmmynizim qucaƣьda
kycli
kyrəş marşь вilən
өtkir ilm qomandalarь tinməsdən taşar.

—

ьrfan gylləri
mədənijət qucaƣьda
kelgysi jaş xadьmlarь
jaƣdulь вu jyrtdə jənə вir tə'lim
aladь...

—

10 jьl!...
jəşni cecəklər вaƣrьda
вu вilim mənвə'i
ьnqьlaв вalalarь
— cyn
вyjyk tiləklər...
uluƣ vəzifələr;
вilən
alƣa
alƣa
вaradь!...
jənə вyjyk tiləkgə!
jənə
kyrəş
topanigə
tinməsdən,
saf—
toƣan—
— вilim qahramanlarь
jetgizişdə...
ymid ucqunlarь
təвrikləjdi...

**s. rəçəв.**
taşkent вilim jyrti,

◆◆◆◆◆◆◆◆

# „10“ jьlnь qutlaв...

I.

esimdədir,
eksiz-ceksiz talanьn
вizgə suvsьz, qajnaq, vahşь qucaqьnь acqanь...
səadətlər xajalьda qalьdan ucqan nalanьn
qьrlar вojlaв, həsrət kyjləв qacqanь
esimdədir!

kim edin sen?
kim edim men, kim-di u?
ojla, dostьm! turmuş edi вarcamьzqa вir aqu...
erk, jolь—ah!—aqьr вoldь, taqlar turdь—səd turdь
atalar-da dərveş вoldь...
şarqьsь—dərd: hy, jahy!

---

II.

вaxt əlləsi...
вaxt ucaqda—xajallardaj tatlьdьr,
xajal ezi ucar quşdьr...
tert qanatlьdьr!
u qoşuqlar, əfsanələr—joqdьr, вir tyşdir.
eşəl tyşlər, əfsanələr вizgə jaqmьdьr?

ьsjan etdim, taşlaв ketdim əfsanə qaldь.
taqdaj eskən qajqu qaldь...
ezgə jol aldь!
tezim вitsə ajrьladьr tuqьlqan qьrda
vafa kerməj...
mənə şundaj, qum talasь arqada qaldь.

---

III.

qьrdan kelgən ьsjancьlar qojnьnda senin
e, ataqlь ьrfan jyrti, ьrfan ocaqь,
ьsjan etkən вatьrlarnьn mynəvvər вaqь!
eşit senə, şərəfingə mədihimni menin,
əj, sə'adət toluв taşqan ana qucaqь!...

alqьş.
alqьş...
alqьş вolsun 10 jьlьn qutluq!
sac, sacьв qal jarьqlьqlar ketsin sacьlьв!..
qajqu вatьв, jarьq jollar, вaxtlar acьlьв,
kylsyn.
kylsyn!
dajьm kylsyn şahqanda tuq!

**mir temir**

◆◆◆◆◆◆◆◆

## jaruq julduz

(ezвek erlər вilim jurtь „10“ jьllьq tojьqa вaqьşlaв).

qaranqь məskənni nyr вilən juvьв,
hər janqa jalqьnlь, zьjalar sacdьn,-
çəhalət yjigə ələngə qojьв,
satsьjalizimgə toqrь jol acdьn,

---

qьpqьzьl jolьn nyrlə tolmьşdьr,
məzlym elləri adaşmaj ketər.
jənə keksində, nəçat kylmişdir,
ymidlər вaqьqa, əlвəttə jetər.

---

keв zamanlar, keв əsrlər qullьqda,
erksiz ellər, zylim astьda inrədi.
mənə вu kyn senin erkin вaqrьnda,
şadlьq вilən „zəfər kyjin“ tьnladь...

---

вytyn cin qəlвlərdən alqьşlar sengə,
„10“ jaşqa tolьвsьn ej, jaruq julduz!.
mə'jys dillərgə вəxiş etdin ymid,
tumanlь kecəni, əjlədin kyndyz.

ьвrahьm usmanьj.
taşkent 10/IV—29.

## ьrfan kyclərigə

(ьqtьsadьj sanaat texnikymini вitiriв cьqqan tunqьc ьrfan jigitlərigə)

şu, gezəl вaqcanьn mədhini sorqan,
əj, ьrfan kycləri, alqьşlar sizgə!
qьpqьzьl majdanda gerdəjiв turqan,
jənə-də ceki joq maxtaşlar sizgə!..

---

вir kərrə tolqunьв etdilər jyrəklər,
вir dəf'ə cəşmənin suvlarь taşdь.
kel! işkə cьnьqqan carcamas вiləklər,
jyr!.. dildə eliskə myhəввət aşdь...

---

qajrьlmas qanatьn ymidgə вatьвdьr,
syr'ətlə ketə вer tiləknin jolьda.
çoşqьnьв qajratьn nəqişmi atьвdьr,
cecəklər jəjrəsin etəksiz celdə.

---

kelgysi ycyn jol acьв вarasьz,
alьj əməlgə nyr sacьв вarasьz.

nadь mьrza.

# qorqьnьc dalasь

muhərriri: ʙeltenijjif. tərçiməci: çɵrəʙajьf.

ʙu hikəjə rusca „vəkryg svitə“ çornalьnьꞑ uşʙu jьlƣь əpril ajьda cьqqan nymirləridən ʙirsidə ʙasьlƣan edi. çornal ьdarasь ʙu hikəjəni qasdan „xajalьj“ deʙ atamadь, cynki uzaq eməs, ɵtkən jьlda mədaƣasqar ormanlarьnьꞑ ʙirsidə adam jijgyci jaƣacnьꞑ tapьlƣanlьƣь gəzitələrdə jazьlьʙ ɵtilgən edi. hikəjəniꞑ məvzyi həm şu ɵsimlikniꞑ haqьjqьj turmuşьdan alьnьʙ jazьlƣan.

əkədimik klinniꞑ fənnij həj'əti suv ʙojьda qurьldь: cadьrlar ʙɵlindilər, məş'əllər jandьrьldь. adam ajaqlarь ʙilən ɵlcəngənlər (jol) arqada altьn kəʙi sarьƣ irə—şirə qaranƣь icidə jatqan və kɵz aldьda kyjin-jyn taƣlarьnьꞑ etəgi cozьlьʙ ketkən edi. ьstьrahatƣa ʙoşatьlьʙ juʙarьlƣan tyjələr şirəlik cɵplərni cəjnəʙ və ularnьꞑ çydə kɵʙ tolƣan qarьnlarьdan qujьlƣan tavuşlar kelər edi. əkədimik tevərəgigə fənnij həj'ət iştirakcilərі: həşərat alьmь və kəpələkniꞑ dərdli avcьsь və çirkəngic is ʙilən hessələngən pireşvin həmdə frьʙurƣlьq pirəfesər vijsmənniꞑ şakirdi ystiɵləg[1]) kadinlər jьƣьlьşьʙ, əkədimik kilinni dьqqat ʙilən tьꞑladьlar. sɵz kəttə syjəklik ʙir hajvannьꞑ ʙilək syjəgi tevərəgidə əjləndi. ilmij təgərəklərdə daꞑƣь cьqqan məşhyr kadin həm, adam ʙilən hajvan ortasьda ʙolƣan şu ʙoƣumnьꞑ arqasьdan qavlaşdьrьş maqsadьda fənnij həj'ətkə qoşьldь.

— əçəʙ kecə!—dedi əkədimik,—70 dərəçəlik ьssьqlьq keskin rəvişdə salqьnlьq ʙilən ɵzgərədi. çənuʙ ʙilən şьmal ʙu jerdə ʙir kyn uzunlьƣьda kelişədirlər. kejingi jyrişdən soꞑ menim ьştьham artьq dərəçədə taraqqьj qьlьʙ ketdi. mengə oşa kənservəlik qutьcanь ʙeriꞑci, fedər vəsiljivic!—deʙ ul prişvingə myrəçəət qьldь.

— haqьqatan həm, —prişvin tasdьq qьldь,—ʙu kyn ʙizniꞑ həməmizdə vəhşilərniꞑ fe'li ʙar, qarьnlarьmьz iki mərtəʙə aşьq şirə ʙergən siꞑəri. ʙundaj halda ʙiz ɵzimizdəgi ʙytyn avqat zaxьjrlarьnь jijiʙ qojamьz şekillik. prişvin əkədimikdən, jarmьƣaca ʙoşatьlƣan kənsirvə qutьsьnь keri qajtarьʙ alьʙ sɵzgə qoşьldь.

— ʙəla kəttə eməs! ʙu jerdə gɵş zaxьjramьznь şirin və semiz kijiklər jakij semiz hajvanlar ʙilən toldьrьş jeꞑil. atrafьmьzda hьsaʙь joq ʙajlьqlar jaşьrьnƣandьr. faqat ƣьna ənə oşa ormanƣa qarasaq ʙoladь.

— haqьqatan həm, nimə yçyn ʙiz ʙilən siz ɵzimizniꞑ karvandan açralmajmьz?—kadin prişvinniꞑ sɵzini kesdi.—ɵzimiz ʙilən ʙir çyf jol kɵrsətgycilər alamьz həmdə uşʙu gɵzəl gyllər icigə comamьz. ʙəlki ʙizgə, ɵzimizniꞑ məçmyəmizni qьzьqlь nusxalar ʙilən toldьrьşƣa ʙaxt ucrar. pirəfesər ʙizgə ɵziniꞑ razьlьƣьnь ʙerər. şundajmь, asqar pavluvьc?—deʙ əkədimikdən soradь.

u avqat jijşdən yzylməsdən ʙaşьnь qozƣatьş ʙilen kadinniꞑ sɵzini tasdьq qьldь. pirişvin orman tamanьƣa qaradь. orman—səpsər rəꞑ tytyn ʙilən nьqaʙlanƣan sirli və çazьʙalь rəvişdə jьraqlьqda jatqan edi. həşərət alьmь ornьdan turьʙ ormanƣa jyzini qaratьşƣa, mə'lym eməs ʙir quvvat məçʙyr qьldь.

kelgysi ertəsi pirişvin ʙilən kadin ormanƣa qaraʙ ьşanclьq qadam qojƣanlarьda, taꞑ aldьdaƣь irə-şirə qaranƣьlьqlar tarqala ʙaşlaƣan edilər. arqadan, məçmyələr jьƣьş yçyn maxsus ʙolƣan jəşiklərni sydrəʙ jol kɵrsətgyci ikitə manƣollar zorƣa jetiʙ ʙardьlar. taƣnьꞑ sьnьq cetləri arqasьdan qujaş kɵtərildi. jolcьlar vaqtьda ormannьꞑ salqьn çajьƣa jetiʙ ʙarmaq yçyn qadamlarьnь kəttə-kəttə qojdьlar. toqajnьꞑ ʙaşьƣa jetiʙ ʙarƣanda hər iki naturalьst[1]) həm tola həjrətdə qaldьlar. ularnьꞑ jolьnь trəpiciskij[2]) xurma jaƣaclarь, jajьlƣan və ьlanƣa oxşaƣan ɵsimliklər həmdə əçajiʙ avьstьralьja jaƣaclarь (ɵvkalipti)[3]) tosdь. ɵrьlƣan həmdə qandajdьr sarьƣ ʙaxmal kəʙi çynlər ʙilən oralƣan jaƣaclarnьꞑ kəttə ʙutaqlarь jolda otalmajturƣan devar kəʙi edi. ʙytyn jer həşəratlərniꞑ cirilləgən tavuşlarь ʙlən tolƣan edi.

kadin kɵzləri ʙilən ɵsimliklərgə tikiliʙ qaraʙ həmdə kytilməgən halda qьcqьrьʙ juʙardь. jaƣaclar janьƣa jygiriʙ ʙarьʙ qandajdьr kɵzəgə oxşaş sarьƣ gyllərni uzmaqqa ʙaşladь.

— ʙu nəpəntəsi[4])—ky, fedər vəsiljivic, ʙular qandaj jirikdirlər! men ʙularnь ʙernee çəzijrəsidə kɵrgən edim. mənə ʙu həşərat jegyci ɵsimlikkə qaraꞑ,—u qolьƣa ɵsimlikniꞑ jafraqlarьnь jьƣьʙ alьʙ şɵzini davam qьldь:—ɵsimlikniꞑ ceti mənə ʙu jerdə. ajnadan tekis, hec qandaj həşərat ʙunьꞑ ystidə saqlanьʙ turalmajdьr. u dərrəv tajьʙ mənə ʙu gylniꞑ astьƣa

[1]) ystiɵləg hajvan və ьnsanlarnьꞑ syjəklərini tekşirgyci alьm.

[1]) naturalьst—tənijətni ɵrgəngyci və tekşirgyci kişi.
[2]) tirapiciskij—ьssьq çajlarda və mədarь—mədar ətraflarьda ɵsəturƣan ɵsimliklərgə maxsus.
[3]) ɵvkalipti—rusca və ɵzʙekcə namь joq. avьstralьja çəzijrələridə ɵsəturƣan jaƣac. çənyʙij javropada həm ɵsədir. kəmfara jaƣьƣa oxşaş jaƣь ʙar. ʙu jaƣdan ʙezgək kəsəligə darь qьladьrlar. t. ç.

[4]) nəpəntəsi—rusca və ɵzʙekcə namь joq, qandajdьr ɵsimlik

tyşədir. qajtьʙ cьqьşqa mənə ʙu egnəgə oxşaƣan və ɵsimliknin̡ icigə kirgən tikənlər qojmajdьrlar. ɵsimlik devarьnьꞑ qavьqlarь cin pipsin [1]) əçrətədirlər. qurʙan ʙytynləj erijdir və ɵsimliknin̡ qavuqlarь tamanьdan syviriledir.

prişvin jeꞑil ginə qorqьnc ʙilən hajvanat jijdirgən ɵsimliknin̡ nusxalarьnь qaraʙ cьqdь. unьꞑ ortaƣь ʙu ɵsimliklərni naʙatat məçmyələri qutьcasьƣa məhkəmlik ʙilən jaşьrdь. nəpəntəsilərni jьƣьʙ ular ormannьꞑ ickərisigə qaraʙ qat'ьj rəvişdə qadam qojdьlar. jyz jьllьq jaƣaclarnьꞑ çimçitligini hec nərsə ʙuza almadь. quşlarnьꞑ və şundaj hajvanatlarnьꞑ tavuşlarь eştilməs edi. ormannьꞑ ici tavuşsьz sahraƣa oxşar edi. ʙiznin̡ tekşirycilərimiz lьan [2]) jaƣaclarьnь yziʙ, jьqьlƣan jaƣaclarnьꞑ ystigə miniʙ ɵtiʙ, ularnьꞑ jajьlƣan tənələriga qaqьnьʙ zor mehnətlər ʙilən ʙu ormanƣa ɵtiʙ aldьlar. hykym syrgən tьnclьq ʙir dənigə taƣdan qujьlьʙ aqqan suvnьꞑ tavuşь ʙilən kesildi. jənədə ʙir necə keləmetir jyrədilər, lekin jyriʙ ɵtilgən jollardaƣь kəʙi haman tьnclьq və ymidsizlik edi.

prişvin jol kɵrsətgycigə muraçaat qьldь:

— taulь, nimə ycyn ʙu jerdə ʙundaj tьnclьq? ʙu jerdə təʙijət ɵlgən şekillik, ʙiz hec qandaj quşlar və hajvanlarnь ʙu jerdə ucratmadьq. hattaki dərjələrdə suvnьꞑ aqqan izi joq. nimə ʙu?

jol kɵrsətgyci manƣol ɵzinin̡ syhʙətdaşьgə sekinlik ʙilən kɵzlərini toqtatdь. unьꞑ maş rəꞑ jyzinin̡ terisidən hec nərsə ɵtməs edi. faqat unьꞑ kɵz təklərida xurafat ʙilən tolƣan qorqьncьnьꞑ jьƣьlƣanlьƣь həşərat alьmьnьꞑ kɵzigə əçəʙləniʙ kɵrindi.

— ʙu vьlajat. rɵhlərnin̡ əçəli qorьnьꞑ padьşahlьƣьdьr. ʙu jerdə hajat joq: xudanьꞑ tojmas qarnь ʙytyn nərsələrni jijdir...

kadin irçəjdi, lekin manƣolnь rənçitməslik ycyn əjtdi:

— ənə ʙizlər ʙu jerdən ʙytyn rɵhlərin quvlajmьz. siznin̡ xudaꞑьz ɵzinin̡ pajtaxtь qьlьʙ jaxşь çajnь sajlaʙ alƣan ekən, toƣrь eməsmi tualь?—kadin ɵzinin̡ sɵzini davam qьldь: əgərdə ʙu jajlaqda senin̡ padalərin̡ ʙaqьlsa, cadьrlarьꞑ tikilsə, itlərin̡ hyriʙ tursalar, sen qandaj ʙaxtlь ʙolar edin̡?

— joq!—manƣol təşvişlənməsdən çavaʙ ʙerdi.—mengə faqat qajƣu ʙolar edi. qorь həməsini jeʙ qojadь.

əçajiʙ ətraf ʙilən qьzьqsьnƣan prişvin ɵzinin̡ rafьqlarьnь dərjə ʙojьƣa ʙirər ƣanьjmat hasьl qьlьş ycyn jolnь davam qьldьrьşƣa yndədi. esənkirəş və tьnlьqnьꞑ jeꞑil qorqьncь kytilməs ymidlər ʙilən ɵzgərdi həmələri sykɵt ʙilən ətrafnь qarmalaʙ jyrədilər. prişvin ʙirdən toqtaşqa qolь ʙilən ьşarat qьldь. u mьltьqnь ʙojnьdan cьqarьʙ alьʙ şaƣьllaʙ turƣan qamьşlar icigə qaraʙ caƣlanьʙ oturdь. mьltьq atьldь. atьşdan kejin şikajətli rəvişdə ɵlim qьcqьrьşь eştildi. tɵrt kişi həmələri alƣa qaraʙ jygyrdilər. ɵsimliklər arasьda kickinə javajь cocqa gəvdəsi ʙilən seskəndi. unьꞑ sarьƣca jol-jol terisi qan ʙilən japьldь. az fyrsətlik ɵlim talvasasьdan kejin u təppəkgə əjləniʙ ʙaxtsьz rəvişdə jumaladь. ac qaʙьrƣa syjəkləri yriʙ turar edilər. privşin ɵzidən cьqьʙ ketdi. ul kadingə, ɵzini aqlaƣan kəʙi kɵrsətiʙ əjtdi:

— jɵrij əleksəndrɵvic! ʙu jerdə hajvan ʙar deʙ, men sizgə əjtkən edim—ky!

kadin ɵlik cocqa ʙalasьƣa qaraʙ hec ʙir çavaʙ ʙermədi.

taulьn ƣanьjmatnь alьʙ şu tərtiʙdə adamnьꞑ kickinə arqanь alƣa qaraʙ cozьldь. kecki irə-şirə qaranƣьlьq aldьdan, kecki salqьnlьqda, jolcьlarda, qajjerdəndir ucuʙ kelgən sin̡əri avqat jijişkə ьştьha pajda ʙoldь. aclьq sezgisi joq jerdən çərəjanlanьʙ jişilməjdirgən və havanьꞑ ɵzi ʙələnd ьştьhanь kɵtəriʙ məjnəni jeꞑil ginə devana halatьƣa keltirgən sin̡əri ʙoldь. ɵtkyr aclьq fənnij həj'ətni toqtatьşƣa məçʙyr etdi. jandьrьlƣan alav cocqa gɵşini aclьq ʙilən jələdi. manƣolnьꞑ caqqan qollarь ʙilən gɵş məş'əl (alav) ystigə asьlƣan edi.

hьsaʙsьz ʙolƣan aclьqnь ʙastьrƣandan kejin, fənnij səjahətnin̡ hər ʙir iştirakcisi ɵzinin̡ qoşnьsьnьꞑ ьştьhasьƣa ɵz icidən hajran qalƣan edi. eꞑ axьrь həmələri uxlaş ycyn jatdьlar. saqcьlьq qьlьş ycyn prişvin qaldь. unьꞑ çanь rahatsьzlьqda edi. u əçajiʙ ətraflarnь ɵzigə idrak qьlьşqa hərəkət qьldь. ɵsimliklər ʙilən şundaj ʙaj ʙolƣan ʙir orunda hajvanlarnьꞑ joqlьƣьnьꞑ səʙəʙi nimədən ekən? vaqt-vaqt suvnьꞑ cajqalƣan tavuşь rɵpərədəgi suv ʙojьda kimnin̡dir comьlьşьnь unьꞑ fikrigə keltirər edi. ənə orman qaranƣьlьƣь icidən tez-tez capьş tavьşlarь keliʙ jetdi. qandajdьr ʙir hajvan majdanda ьrƣьşladь. məş'əl jarьƣьda sajasьnь jaltьratьʙ ɵtiʙ ɵzini suvƣa taşladь və suvlarnь sacratьʙ nəfəs aldь. ʙunьꞑ ketidən şitirləş tavuşlarь təkrarlənə ʙaşladь.

— nimə ʙu?—prişvin ojladь—xuddь jarьm kecki sihrli jьƣьlьş kəʙi. çanьvarlar həməsi ʙir tamanƣa qaraʙ jygirədilər, aşьqadьlar. u taulьnnь ojƣatdь. taulьn tek turьʙ unьꞑ hikəjəsini tьꞑladь və ətrafƣa qorquʙraq qaraʙ əjtiʙ taşladь:

— ʙu hajvanlar həməsi qorь rɵhigə jygirədilər. (taulьn ʙu haqda qarrь kişilərdən eşitkən edi). ʙajaƣь cocqanьꞑ anasь həm ɵzinin̡ tuqqan ʙalasьnь taşlaʙ şunda ketkən. sen unь atьʙ ɵldirdin̡...

[1]) pipsin—me'dədə ʙolaturƣan və aş—hyrəklərni eritədirgən madda.

[2]) lьan—ьssьq çajlardaƣь ormanlarda, ɵrgəmcik yjəsigə oxşaʙ oralьʙ ɵsədirgən jaƣac. xususan amrьqada kɵʙ ʙoladьr.

məş'əl tevərəgidə jatqan kadin ʙirdən ujqusьda syrkəliʙ və uxlamaqqa ʙaşladь. orпьdan səkrəʙ turdь.

— jərij əleksəndrəvic, siz qajaqqa?—deʙ, prişvin tьnesьzlandь. kədin qalƣan kənsirvələrni izləʙ, acьʙ və unь ac kөzlik ʙilən jeməkkə ʙaşladь. goş kesəkləri ʙir aƣьzdan jutьla ʙaşladьlar. prişvin jygyriʙ keliʙ unьꞑ qolьdan kənservə qutьsьnь tartьʙ aldь.

— sizgə nimə ʙoldь?

— vəhşilərcə jegim kelədir! aclьqdan ʙaşьm əjlənədir!—kadin ʙu sөzlərni qandajdьr ujqusьraqan halda sөzlədi.

prişvin sөkindi. qutьcanь ʙeriʙ qolьnь ymidsiz rəvişdə siltədi. unьꞑ өzi həm qarnь aclьqdan eꞑəşməkdə və sorьşmaqda edi. ertə ʙilən çydə kөʙ avqat jelgəndən kejin həmələriniꞑ ahvallarь aƣьrlaşdь. artьqca jijişdən kejingi hərəkətsizlik və farqsьzlьq fikrni qьsdьlar. fikr өtməs və ujqusьraƣanraq ʙolьʙ qaldь. jьqьlьşqa qadar artьqca turьş ularnьꞑ aƣьzlarьda çirkəngic ʙir kyjdirgi ʙerdi. prişvin kadinni ʙoşatьlƣan və jijilgən zaxьjralar janьƣa alьʙ ʙardь. ul ʙu işniꞑ qandaj ʙolьşƣa tyşynməsdən kənrəgən halda qaradь.

kecki hadьsa prişvin ycyn kytilməgəndək ʙolьʙ kөrindi. өzini tekşiriʙ kөriş ycyn ul saja jaltьraƣan çajƣa ʙardь. ʙu jerdə hajvannьꞑ izləri anьq kөriliʙ turьlmaqda edi. ilgəri qozƣadьlar. kyndyzniꞑ çimligi və tavьşsьz tyn sihrli ʙolьʙ kөrindi. mə'dəniꞑ savqь təʙi'ijsi ƣanьjmat qavlaş ymididə ularnь hajvanlar izidən гarьşqa məçʙyr etdi. prişvin qьʙlanama (kampəs) ƣa qaradь. unьꞑ milləri, əgərcə klinniꞑ ekispiditsijəsi çənyʙij-şarqda ʙolsa həm hajvannьꞑ izləri şьmalьj-çənyʙkə taman ketkənini kөrsətdilər. qandajdьr ʙir kyc ularnь joldan urƣan və jegyci oƣrьlar ahvalьƣa tyşirgən kəʙi ʙoldь. çydə kөꞑilsiz ʙoldь. u qьʙlanamanь oƣrьlarca kisəsigə jaşьrdь və hec kimgə hec nimə demədi. faqat ƣьna taulь nimədir oꞑƣajsьzlьq ʙolƣanlьƣьnь sezdi və tyşindi. kecəsi jənədə zəhərli havalar ʙilən nəfəs alƣanda prişvin jeꞑil ginə ʙaş əjləniş və өziniꞑ mijəsidə çьsmanьj ʙir aƣrьqnь sezdi. aclьqnьꞑ ʙytyn tujƣularь şul jerdə toplanƣan şekillik ʙolьʙ kөrindi. ul өziniꞑ seziş quvasь ʙilən rafьqlarьnьꞑ həm şundaj ahval kөcirməkdə ekənliklərini ʙildi. avqat qajƣusьda şundaj aqьlsьz ʙir kec jənədə өtdi. tyn qaranƣьsь hər iki alьm, өzləriniꞑ jol kөrsətgyciləriniꞑ joqalƣanlьqlarьnь və ormanƣa taman qajtьʙ ketiʙ jaşьrьnƣanlьqlarьnь ʙildilər. endi hər ekələsi həm ʙundaj, sehrləngən və dajьma өsiʙ turьʙ ьnsannьꞑ mijəsini cidəməslik dərəçədə aƣrьtaturƣan ʙir orьnnьꞑ taqdьrьƣa taşlanƣan edilər. kadin jaƣacnьꞑ ʙutaƣьnь qollarь ʙilən qucaq'aʙ alьʙ çydə qьzьq rəvişdə гaşь ʙilən urar edi. prişvin esini ornьƣa keltiriʙ qьcqьrdь:

— jərij əleksandrəvic!?

ʙunьꞑ çavaʙьƣa faqat ƣьna çaƣ syjəkləriniꞑ şьqьllaƣanlьƣь eştildi.

